ئومۇمىي 74-سان
2025 ئۆكتەبىر



# ئۇيغۇرلار

# *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئومۇمىي 74 -سان

2025 ئۆكتەبىر


# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.




باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org



ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**



6 009800 461091 >

## 74 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى | ستەنلى رىدگلېي | 1 |
| ئامېرىكادا تۇرۇپ خىتايغا ئىشلەش بىلەن ئەيىبلەنگەن خىتاي ئەمەلدار سوتلاندى | | 11 |
| سەدىدىدۇددىن كاشغەريي | ھاجى ئەكبەر | 14 |
| ياخشى تەشۋىش | | 18 |
| مۇسۇلمانلارنىڭ توماس ئاكۋىناسقا كۆرسەتكەن تەسىرى | زۇلپىقار ئەلى شاھ | 21 |
| جېنسېن خۇاڭنىڭ 15 پرىنسىپى | پېتىر ياڭ | 29 |
| ساق قالغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇيغۇرلار | ئەركىن سىدىق | 40 |
| تۇخۇمدىكى ئاجايىباتلار | سەفا سايگىلى | 47 |
| ئامېرىكانىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېڭى يولى | پېتىر چىر | 51 |
| قىزىل مارال نىڭ ئىلىم ـ پەندە ئىسپاتلانغان يەتتە خىل پايدىسى | گاۋىن ۋان دې ۋاللې | 54 |
| فىرانسىيە دائىرىلىرى دوكتور دىلنۇر رەيھان ئۇستىدىن قىلىنغان دەۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك | يالقۇن ئۇلۇغيول | 65 |
| چۈشىنىش سەنئىتى | مارك بىلاسىنى | 68 |
| چوڭقۇر ئۆگىنىش دېگەن نېمە؟ | | 76 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | | 82 |

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي





# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنى تۇرمۇش مىزانى قىلىش

24 - لېكسىيە

ئادەتتە كەلگۈسى بىز ئۈچۈن نائېنىقتۇر. ئەمما نۇرغۇنلىغان ئۇسۇللار ھاياتىمىزدىكى بۇ نائېنىقلىقنى ئازايتالايدۇ. كەلگۈسىدە نېمىلەر يۈز بېرىدىغانلىقى پەرەز قىلالاش ۋە كۆرۈپ يېتەلەش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى بىلىش، بۈگۈننى ئۆگىنىش ۋە كەڭ دائىرىلىك خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرىشىمىز زۆرۈر. بۇ لېكسىيەدە، تارىختىكى ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرلار ئېھتىياجىمىزغا ماس كېلىدىغان ئىستراتېگىيەلەرنى تۈزۈش ئۈچۈن تېخنىكا ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ھەر قانداق خىرىسقا تەييارلىيالايدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## ئېنىقسىزلىقنىڭ مۇقەررەرلىكى

ئېنىقسىزلىق ھەممە يەردە مەۋجۇت. مەيلى شەخسىي تۇرمۇشىمىزدا بولسۇن ياكى كەسپىي ھاياتىمىزدا بولسۇن دائىم ئېنىقسىزلىققا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. گەرچە بىز كەلگۈسىنى ئالدىن مۆلچەرلەشنى ئارزۇ قىلساقمۇ، لېكىن كەلگۈسىنى مۆلچەرلەشنى تولۇق رەۋىشتە رويابقا چىقىرالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز. بىز بۇ لېكسىيەلەر داۋامىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇۋەپپەقىيىتىمىزنىڭ ئۆلچىمى — بىزنىڭ كەلگۈسىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدىغانلىقىمىزدا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئەقىل - پاراسەت ئاساسىدا تەييارلىق قىلالايدىغانلىقىمىزدىدۇر.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر تاكتىكىلىرى ۋە ئانالىز ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەردىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىمىزنى ئاشۇرالايمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىمىز كۆڭۈل بۆلىدىغان، كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان شەرت - شارائىتلارنى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر تاكتىكىلىرى ۋە ئانالىز ئۇسۇللىرى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزگەرتەلەيمىز.

## بېنجامىن فرانكلىن

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر سەنئىتىنى ئۆز ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئامېرىكالىقلارنىڭ بىرى بېنجامىن فرانكلىندۇر. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. بېنجامىن فرانكلىن كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرەلەيتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

فرانكلىننى ھايات بويى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىگەن نەرسە — ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە قەتئىي ئىرادىسى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىكى ئالغا ئىلگىرىلەش ئىدىيەسى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەخسلەرگە خاس ئالاھىدىلىكتۇر. فرانكلىن پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپلا قالماي، بەلكى پۇرسەت يارىتاتتى.

فرانكلىن يەنە ئىستراتېگىيەلىك خاراكتېردىكى كىشىلەرگە خاس بولغان بىلىم ۋە ئىدىيەگە بولغان تەشنالىقنىمۇ نامايان قىلغان ئىدى. ئۇ ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەندە، ئىلمي ۋە سىياسىي قاراشلارنى مۇزاكىرە قىلىدىغان بىر گۇرۇپپا تەشكىللىگەن بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا كېيىنچە «ئامېرىكا پەلسەپە جەمئىيىتى»گە ئايلانغان. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئامېرىكادىكى تۇنجى ئاممىۋى كۇتۇپخانىنى قۇرغان، بۇ ئاممىۋى كۇتۇپخانا كېيىنكى كۈنلەردە پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

قىسقىسى، فرانكلىن كۆپلىگەن ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاشلا، ھاياتقا قىزغىنلىق بىلەن نەزەر تاشلايتتى ۋە ئىزدىنىش روھىغا باي ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن ئاكتىپ ۋە كۈچلۈك مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئامېرىكالىقلارغا ئىلىم - پەن، سىياسەت، مائارىپ، ئەدەبىيات، ھەربىي ئىشلار، سودا ۋە پۇل - مۇئامىلە قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردە (قىممەتلىك) مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

فرانكلىن ئۆزىنىڭ تۇغما تالانتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ ياشىغان. ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى 13 كە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى ناھايىتى چىڭ بولۇپ، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ھاياتىنىڭ لايىھەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تەرتىپ، قەتئىيلىك، تېجەشلىكلىك ۋە تىرىشچانلىق — ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى ئىچىدىكى تۆت پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ.

قالتىس ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرغا ئىگە يەنە بىر كىشى ۋىنستون چېرچىل (Winston Churchill) بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ كۈنلىرىدە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بولۇشتەك

سىياسىي ئورنى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ جاسارىتى، قەتئىي ئىرادىسى ۋە كۈچلۈك نۇتۇق قابىلىيىتى دۆلەتنىڭ (دۇشمەنگە) قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا زور ئىلھام بەردى.

چېرچىلنىڭ چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە نەق مەيداندا بولۇشتەك ئۆزگىچە قابىلىيىتى بار ئىدى. بۇ ئىقتىدار ئۇنى ھاياتىنىڭ گىرۋىكىدىن ئاساسىي ئېقىمغا باشلاپ كىرىدىغان ئىچكى ئىرادىسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

چېرچىل دادىسىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭمۇ ياش ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ جىددىيلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن مىراس قالدۇرۇشقا چاققان تۇردى. 21 يېشىدا ئۇرۇش مۇخبىرى بولدى. كېيىن ئەنگىلىيە ئارمىيىسىدە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىدى. شۇنداقلا ھەممىشە ئەڭ خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنى تەلەپ قىلدى. بىر مەزگىل ئۇ بۇئېرلار (Boers) تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسىرلەر لاگېرىدىن قېچىپ چىقىپ، ئەنگىلىيە ئارمىيەسى سېپىگە قايتا قوشۇلدى.

چېرچىل ئەنگىلىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى بولدى. ئەمما بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگىلىيەنىڭ داردانېل (Dardanelles) بوغۇزىنى كونترول قىلىۋېلىش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىياسىي يۇلتۇزى سۇسلاشتى. بۇ پاجىئەنىڭ ئارقىسىدىنلا، چېرچىل ئۆزى «بەش تۈرلۈك ئېنىق ھەقىقەت» دەپ ئاتىغان، ھەربىي ھەرىكەتلەرگە ئائىت قارارلارنى بەلگىلەيدىغان قائىدە - پرىنسىپلارنى يەكۈنلەپ چىقتى. بۇ پرىنسىپلارنى ھەر قانداق ساھەدىكى ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر بەلگىلەشكە تەتبىقلاش مۇمكىن.

چېرچىلنىڭ بەش پرىنسىپى تۆۋەندىكىچە: (1) كىشى تولۇق ھوقۇققا ئىگە بولۇشى كېرەك؛ (2) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇۋاپىق ئىستىقبالى بولۇشى كېرەك؛ (3) ئېغىمۇ چوڭ مەنپەئەتلەر زىيانغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك؛ (4) تەييارلىق باسقۇچىدا ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئېھتىياتچانلىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش ۋە ئالدىن پەرەز، تەدبىرلەرگە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك؛ (5) ئىجرا قىلىشتا بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت ۋە قەتئىيلىك كۆرسىتىلىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلار چېرچىل ئىنتايىن چىڭ تۇرۇپ ئەمەل قىلغان پرىنسىپ ئىدى. ئۇ كۆزلىگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇنۇملۇك ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولماي تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا قەتئىي قارشى تۇراتتى.

چېرچىل (بۇ) ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ھالدا، قىسقا مۇددەت ھەربىي سەپكە قايتتى، ئاندىن ھۆكۈمەت ئىچىدە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى داۋامىدا، سىياسىي سەھنىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، كەلگۈسىدە قايتا مەيدانغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. 1940 - يىلى 10 - ماي كۈنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى ۋە ئەنگىلىيەنى يېتەكلەپ تۆت يىللىق ئۇرۇش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى. شۇ

مەزگىلدە ئۇ تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشكە ھېرىسمەن، «تەدبىركار رەھبەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

چېرچىلنىڭ ھاياتى ئۆمۈر بويى تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۆتتى. چېرچىل ب. فىرانكىلىنغا ئوخشاشلا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئوتتەك قىزغىنلىققا ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ تارىخنى — ئەسىرلەردىن بېرى يېتىپ كەلگەن ئەقىل - پاراسەتنى — كەلگۈسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان يېتەكچى مەنبە دەپ بىلىپ، ئالاھىدە چوڭ كۆرەتتى. ئۆتمۈشنى (كەلگۈسىنىڭ) مۇقەددىمىسى دەپ قارايدىغان بۇ خىل قاراش — چېرچىلنىڭ تەدبىر بەلگىلىشكە تۈرتكە بولغان ئامىللار جۈملىسىدىن ئىدى.

ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئۇ توپلىغان تەجرىبىلەر چېرچىلنىڭ رېئاللىققا يۈزلىنىشى ۋە ئۇلۇغۋار ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن سەھنە بولۇپ بەردى. ئۇ شۇنى تونۇپ يەتتىكى، پەقەت ياخشى ئىدىيەگە ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. پىلانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يەنە دادىللىق، كەسكىنلىك ۋە بوشاشماي ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى تەقەززا قىلىدۇ.

بىز ھەممىمىز كەلگۈسىنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا شەكىللەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. بىز ئىستراتېگىيىلىك پىلان ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىنى ئەمەس، ئۆز كەلگۈسىمىزنى ۋە تىجارىتىمىزنىڭ كەلگۈسىنى شەكىللەندۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

## ستىۋ جوبس

ستىۋ جوبس — كارخانىچى، تاراتقۇ ماگناتى، تېخنولوگىيە سەنئەتكارى ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئۇستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ئۆتكۈر ئەقىل» گە ئىگە تالانت ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئەسلا بوشاشماستىن، توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان خاراكتېر مەۋجۇت.

تارىختا بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك ئاز ساندىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، جوبسمۇ دۇنيانى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى، قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ئالتە ساھەدە، يەنى كومپيۇتېر، كارتون فىلىم، مۇزىكا، تېلفون، تاختا كومپيۇتېر ۋە رەقەملىك تاراتقۇ ساھەلىرىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىزنىڭ ياشاش ۋە ئالاقە قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتتى، شۇنداقلا بىزنى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

بەلكىم جوبسنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئېلان تەشۋىقاتى، بىزنى «ئۆزگىچە تەپەككۇر قىلىش» قا ئۈندىشى بولسا كېرەك. بۇ — ھەر قانداق بىر ئىستراتېگىيە ئۈچۈن ئېيتىلغان ۋەزىپە باياناتى (نىشاننامە)غا ئوخشايدۇ. جوبس ئىشلارنى قانداق قىلىپ ئۆزگىچە ئۇسۇلدا قىلىشىمىز مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلارنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بۇ خىل تەسەۋۋۇرلارنى مۇستەھكەملەپ، ئىستراتېگىيەلىك نىشانغا ئايلاندۇردى ۋە بۇ تەسەۋۋۇرلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن (تۇرلۇك) تاكتىكىلارنى ئىشقا سالدى.

جوبسنىڭ كەسپىي ھاياتى ۋىنستون چېرچىلنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. جوبس زامانداشلىرى بىلەن پات - پات توقۇنۇشۇپ قالاتتى. شۇنداقلا ھاياتىدا بىر مەزگىل گۈللىنىپ، بىر مەزگىل خارابلىششىنى كۆپ قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى. 1985 - يىلى ئۇ ئۆزى قۇرغان «ئالما» (Apple) شىركىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما كېيىن ئۇ «پىكسار» (Pixar) ناملىق كىچىك بىر كارتون فىلىم ۋە كومپيۇتېر شىركىتىنى، شۇنداقلا كومپيۇتېر سۇپىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شىركىتى بولغان «NeXT»نى سېتىۋالدى. لېكىن ئۇ بۇ شىركەت ئارقىلىق دېگەندەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، جوبس ئالما شىركىتىگە قايتۇرۇپ كېلىندى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ ئۆتكۈر ئەقلىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نامايەندىسى سۈپىتىدە، بىرلا قېتىملىق يىغىندا ئالما شىركىتىنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى قايتا بەلگىلەپ، شىركەتنىڭ دىققەت نۇقتىسىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈردى. ئۇ ئىنژېنېرلىرىغا ئادەتتىكى ئىستېمالچىلار ۋە كەسپىي خادىملار بازىرى ئۈچۈن ئۈستەل كومپيۇتېرى ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك كومپيۇتېردىن ئىبارەت تۆت خىل مەھسۇلاتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

İpod (ئايپود)نىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن كېيىن، جوبس تېخىمۇ زور بىر ئىستراتېگىيەنى يولغا قويدى. جوبسنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغۇچى ۋالتېر ئايساكسوننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئالما شىركىتى «كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر قاتار يېڭى ئۈسكۈنىلەرنىڭ مەركىزى»گە ئايلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن iPod iPhone، iTunes، ۋە iPad قاتارلىقلار دۇنياغا كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئالما شىركىتى قالتىس يېڭىلىق يارىتىش ۋە گۈللىنىش مۇساپىسىنى بېشىدىن كەچۈردى.

جوبس پۈتكۈل كەسپىي ھاياتىدا ئۇستا ئىستراتېگىيەچىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى، يەنى دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئىستراتېگىيەلىك مەقسەت - نىشان، بوشاشماس قەتئىيلىك ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ھالقىلىق پەيتلەردە زىل ۋە كەسكىن قارارلارنى چىقىرىش، تاسادىپىيلىقتىن ياخشى پايدىلىنىش، ئىستراتېگىيەنى دەل جايىدا ئىجرا قىلىش ۋە ئىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئاخىرىغىچە تاماملاش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى نامايان قىلدى.

## ئوپرا ۋىنفرېي

مېدىيا ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخس ۋە پىروگىراممىا ئىشلىگۈچى ئوپرا ۋىنفرېي — ئۆز شەخسىي ماركىسىنى يارىتىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ يېڭىلىققا قىزىقىشى ۋە ماركا يارىتىش ئىقتىدارى، بىزگە يازغۇچى ۋە نەشرىياتچى بىنجامىن فىرانكلىننى ئەسلىتىدۇ.

ۋىنفرېي ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانىغا يېتىشتە باشتىن ئاياق ئىزچىللىق بىلەن ئىش كۆردى. ئۇ مىليونلىغان كىشىلەرگە ئىلھام بەردى. بەلكىم بۇ جەھەتتە ئۇنى ۋىنستون چېرچىل بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

ستىۋ جوبس تېخنىكا ساھەسىدە كەلگۈسى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە مايىللىقىغا تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، ۋىنفرېيمۇ كىتابتىن تارتىپ كۆڭۈل ئېچىشقىچە، سىياسەتتىن تارتىپ شەخسىي ساغلاملىقنى ئاسراشقىچە بولغان ھەر قايسى ساھەلەردە، ئامېرىكىدا پۈتكۈل دۆلەت مىقياسىدىكى مۇنازىرە تېمىلىرىنى كۆپ ھاللاردا ئۆزى شەكىللەندۈردى ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتتى.

بەلكىم سىز بۇ سېلىشتۇرمىلارنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئىستراتېگىيەلىك خاراكتېرگە ئىگە شەخس ھەر قانداق ساھەدە دېگۈدەك — سىياسەت، تېخنىكا، ئىلىم - پەن ۋەياكى كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلاردا — روناق تاپالايدۇ. شۇنداقلا شۇنى بىلىپ قېلىشىمىز كېرەككى، بىز بىلەن ئەڭ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق، بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا يىراق ئەمەس. يېتەرلىك دەرىجىدە دادىللىققا ئىگە بولغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئىستراتېگىيەلىك ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغان يېڭى ساھەلەر ھەر ۋاقىت مەۋجۇت.

## ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرنىڭ پوزىتسىيەسى

يازغۇچى ۋە سىياسەتچى روبېرت ج. خاستىڭس (Robert J. Hastings) مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغىنى بۈگۈننىڭ يۈكلىرى ئەمەس، بەلكى تۈنۈگۈنكى پۇشايمان ۋە ئەتە (كەلگۈسى)نىڭ ئەنسىزلىكىدۇر. پۇشايمان بىلەن قورقۇنچ — بىزنى بۈگۈنىمىزدىن مەھرۇم قىلىدىغان قوشكېزەك ئوغرىلاردۇر.»

بۇ سۆز بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، ۋەقەلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزنى — بىزنىڭ ئۆلارغا تۇتقان پوزىتسىيەمىز بەلگىلەيدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرغا ئايلىنىش دېگەنلىك — گۇمان ۋە ئېنىقسىزلىقلارنى چۆرۈپ تاشلاش دېمەكتۇر؛ كەلگۈسىگە قۇچاق ئېچىش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى يەكۈنلەش ئارقىلىق بۈگۈن ئۈچۈن كېرەكلىك چۈشەنچىلەرنى قېزىپ چىقىش دېمەكتۇر. بىزنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ بەش يىلدىن كېيىن كىم بولماقچى بولغانلىقىمىز، بۈگۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇ بىزگە هاياتتىن ئىبارەت بۇ غايەت زور شاهمات تاختىسىدا ئۆزۈقلىرىمىزنى قانداق مېڭىشنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر بىزگە كەلگۈسىدىن قورقمايدىغان، خىرىسقا تەييار تۇرىدىغان هايات ئاتا قىلىدۇ. ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر — ئېنىقسىزلىقتا قۇچاق ئېچىش پوزىتسىيەسىنى ۋە ئېنىقسىزلىقنى ئۆز پايدىمىزغا ئايلاندۇرالايدىغان قەتئىي ئىرادىنى روياپقا چىقىرىدۇ؛ هەر بىرىمىزنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتىمىز بارلىقىنى تونۇپ يېتىشنى؛ شۇنداقلا ۋەقەلەرنىڭ زەربىسىدە تەۋرىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆز ئىرادىمىز، تەسەۋۋۇرىمىز، تەھلىلىمىز، پىلانىمىز ۋە ئىجرا قىلىش كۈچىمىز ئارقىلىق ۋەقەلەرگە تەسىر كۆرسىتىش قەتئىيلىكىنى ئاتا قىلىدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىش — بىزنىڭ ئۆزگەرمەي قالايمىقان هالەتتە تۇرۇۋېلىۋاتقان رېئاللىقتا مەلۇم دەرىجىدە تەرتىپ ئورنىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ بىزگە (هايات كېمىسىنىڭ) رولىنى تۇتۇش، شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرلەش قۇدرىتى ئاتا قىلىدۇ. ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ پايدىلىرى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار — خىزمەت ئۈنۈمى ۋە خىزمەتتىن رازى بولۇش دەرىجىسىنىڭ ئېشىشى، بېسىمنىڭ ئازىيىشى ۋە كۆپىنچە هاللاردا نىشانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قاتارلىقلاردۇر. گەرچە بىزنىڭ سەپىرىمىز تاسادىپىيلىق ۋە ئېنىقسىزلىقلاردىن خالىي بولمىسىمۇ، ئەمما ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىش بۇ مۇساپىنى تېخىمۇ هۇزۇرلۇق قىلىدۇ.

## بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك شەخسلەر

ۋىنستون چېرچىل (1874–1965): ئاغزىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان، ئاۋازى توم ۋە خىرقىراق، ئۆز خاتالىقلىرىدىن ساۋاق ئالىدىغان ۋە ئۆزىنى ئىزچىل هالدا هاياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئاتىغان سىياسەتچى. باش ۋەزىر چېرچىل يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ كەسكىن پەيتتە ئۆز مىللىتىگە ئىلهام بەرگەن ۋە ئۆزۈشتا غەلىبە قازانغان. ژۇرنالىست، ئوفىتسېر، ئاتلىق ئەسكەر، سىياسىئون، تارىخشۇناس ۋە «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر

ئۆرۈشى» جەڭچىسى بولغان چىرچىلنىڭ كەسپىي ھاياتى ئەڭ داۋالغۇشقا تولغان 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە بولۇپ، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا چىرچىلدەك دۇنيا تارىخىنىڭ يۆنىلىشىگە ئۆزى يالغۇز ھالدا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى دەۋا قىلالايدۇ.

بېنجامىن فرانكلىن (1706–1790): ئاقارتىش ھەرىكىتى دەۋرىنىڭ 18 - ئەسىردىكى نامايەندىسى بولغان بېنجامىن فرانكلىن ئىلىم - پەن، سىياسەت، دىپلوماتىيە ۋە سودا ساھەلىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ يەنە ئۇنلارچە مەشھۇر سۆزى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ھېكمەتلەر خەزىنىسىگە تۆھپە قوشقان بولۇپ، ئۇنىڭ «بۇ دۇنيادا ئۆلۈم بىلەن باج تاپشۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى جەزمەن يۈز بېرىدۇ (مۇقىم) دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى بەك مەشھۇر.

ستىۋ جوبس (1955–2011): ئۆتكەن ئەللىك يىل ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، شۇنداقلا مىجەزى ئەڭ ئىتتىك كارخانا رەھبىرى بولغان جوبس — شەخسىي كومپيۇتېر، مۇزىكا، رەقەملىك ئالاقە ۋە كارتون فىلىم قاتارلىق بىر قاتار ساھەلەردە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياسىدى. ئۇنىڭ بوشاشماس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى (ئىرادىسى)، يىراقنى كۆرەرلىك قابىلىيىتى ئۆزىدەك كۈچلۈك بولمىغانلارغا بولغان سەۋرسىزلىكى ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئېنىقلىقى — مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىچىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئوپرا ۋىنفرېي (1954 - ): ئامېرىكىنىڭ كۈڭۈل ئېچىش ساھەسىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىستراتېگىيەچىلەرنىڭ بىرى بولغان ۋىنفرېي، قانداق پىلان تۈزۈش، بايلىقلارنى قانداق سەرپ قىلىش ۋە پۇختا ئىستراتېگىيە ئىجرا قىلىش جەھەتتە بىزگە تىپىك ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ 21 - ئەسىردىكى ئاممىباب تاراتقۇلارغا سىڭىپ كىرگەن «ئىچىنى تۆكۈش مەدەنىيىتى» نى ياراتقان ياكى ئومۇملاشتۇرغان دەپ تەنقىدكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىنى بىر قانچە قېتىم قايتىدىن ياراتقان.

## تەۋسىيەلىك ئوقۇشلۇقلار

- بوسسىدى ۋە چاران، «رېئاللىققا يۈزلىنىش» (Confronting Reality).
- كرىستېنسېن، ئانتونىي ۋە روت، «كەلگۈسىنى كۆرۈش» (Seeing What's Next).
- فرانكلىن، «بېنجامىن فرانكلىننىڭ تەرجىمىھالى» (The Autobiography of Benjamin Franklin).

- ھاندى، «زىددىيەتلەر دەۋرى» (The Age of Paradox).
- خەيۋارد، «چېرچىل رەھبەرلىك سەنئىتى ھەققىدە» (Churchill on Leadership).
- ئايساكسون، «ستىۋ جوبس» (Steve Jobs).

## ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. بۇ لېكسىيەدىكى ئاساسلىق ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرلار ھەققىدە — يەنى بېنجامىن فرانكلىن، ۋىنستون چېرچىل، ستىۋ جوبس ۋە ئوپرا ۋىنفرېي قاتارلىقلار ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈڭ، ھەمدە ئۇلار بىلەن سىز قايىل بولىدىغان باشقا مەشھۇر شەخسلەر، مەسىلەن، گېنېرال جورج پاتتون، جەك ۋېلچ، مادوننا، پرېزىدېنت بىل كىلىنتون، تىم تېبوۋ ياكى مېگ ۋىتمان قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق بولغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئوخشاشلىقلارنى تېپىپ چىقىڭ. ئۇلاردا قانداق مۇھىم ئالاھىدىلىكلەر بار؟

2. بۇ يۈرۈشلۈك دەرسلەردىكى 24 لېكسىيە ئاساسىدا ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇرىنى باھالاپ كۆرۈڭ. ئەگەر ئاڭلىغانلىرىڭىز سىزگە مەززىسىز ياكى چۈشىنىكسىز تۇيۇلغان بولسا، ئۇنداقتا ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارىتىڭىزنى تاۋلاش ئۈچۈن خېلى كۈچ چىقىرىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ھەپتىدە بىر لېكسىيەنى تاللاپ ۋە شۇنىڭغا زېھىن قويۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇچۇرلارنى تولۇق قوبۇل قىلىڭ ۋە ئۆزىڭىز تاللىغان ۋەزىيەتلەردە مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپنى ئەمەلىيىتىڭىزدە كۆرسىتىڭ.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىش — كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە تۈرلۈك ساھەلەردىكى كىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەڭ ئېسىل ئانالىز قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، كەلگۈسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن قەيەردە بولۇشنى ئويلايسىز؟ بەش يىلدىن كېيىنچۇ؟ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەشىق سۈپىتىدە، بۇلارنى سىزىپ چىقىڭ، ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش جەريانىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا مەزگىللىك نىشان ۋە ئىستراتېگىيەڭىزنىڭ ئومۇمىي رامكىسىنى تۈرغۈزۈڭ. ئاندىن بۇ دەرسلىكتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال ۋە تاكتىكىلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ، دەرھال ئىجرا قىلىشنى باشلاڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى


مىسلىسىز ئويغىنىش
ئامېرىكادا تۇرۇپ خىتايغا ئىشلەش بىلەن ئەيىبلەنگەن خىتاي ئەمەلدار سوتلاندى
مارك ماگنىير

# ئامېرىكادا تۇرۇپ خىتايغا ئىشلەش بىلەن ئەيىبلەنگەن خىتاي ئەمەلدار سوتلاندى

نيۇيورك شتاتىنىڭ سابىق باشلىقى كەسي خوچۇلنىڭ (Kathy Hochul) سابىق ئىشخانا مۇئاۋىن مۇدىرى لىندا سۈن، سوت ھەيئەت گۇرۇپپىسىنىڭ 19 تۈرلۈك ئەيىبلەش ئۈستىدە پىكىر بىرلىككە كېلەلمەسلىكى سەۋەبلىك قويۇۋېتىلدى.

خىتايغا ئىشلەش بىلەن ئەيىبلەنگەن نيۇيورك شتاتىنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىغا ئالاقىدار مەزكۇر دېلو ئامېرىكا مىقياسىدا كۈچلۈك دىققەت قوزغىغان بولۇپ، ھەيئەتلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرەر ھۆكۈمگە كېلەلمەسلىكى سەۋەبىدىن، دۈشەنبە كۈنى سوتنىڭ نەتىجىسىز ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى.

نيۇيوركنىڭ سابىق شتات باشلىقى كەسي خوچۇل ۋە ئاندرىيۇ كۇئومونىڭ سابىق ياردەمچىسى لىندا سۈننىڭ «چەت ئەل ۋاكالەتچىلىرىنى تىزىملاش قانۇنى» (FARA) غا خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن دېلوسىدا، ھەيئەتلەر گۇرۇپپىسى بىر قانچە كۈنلۈك مۇزاكىرىدىن كېيىنمۇ، 19 تۈرلۈك ئەيىبلەشنىڭ ھېچبىرىدە پىكىر بىرلىككە كېلەلمىدى.

لىندا سۈن ۋە ئۇنىڭ ئېرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەيىبلەنگۈچى كرىس خۇ يۇقۇم مەزگىلىدە تەخمىنەن 35 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ساقلىقنى ساقلاش توختاملىرىنى ئۆز مۇناسىۋەت توربىدىكىلەرگە ئاغدۇرۇش بىلەنمۇ ئەيىبلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەيىبلەشلەر تېلېگراف ئالدامچىلىقى، پارىخورلۇق، باج ئوغرىلاش ۋە ئامېرىكانى ئالداش ئۈچۈن تىل بىرىكتۈرۈش قاتارلىق جىنايەتلەرگە چېتىلغان.

تەپتىش ئالېكساندىر سولومون دۈشەنبە كۈنى سوتتا، ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ بۇ ئەر - ئايالنى ئىمكانقەدەر تېز ئارىدا قايتا سوتلىماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. دېلو ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىنىڭ ۋاقتى 2006-يىلى 26 - يانۋارغا بېكىتىلدى.

ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان، لىندا سۈننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۇ دېلو 2024 - يىلى 9 -ئايدا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ نيۇيورك شتات ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە خىتايغا ئىشلىگەنلىكى ھەققىدىكى

گۇمانلىق خىزمەتلىرىگە ئالاقىدار. لىندا سۇننىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ خىتايغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش قىلمىشىغا ئائىت ئەيىبلەشلەر ئىچىدە ۋىزا ئالدامچىلىقى، چەت ئەللىكلەرنى قانۇنسىز يۆتكەش ۋە پۇل يۇيۇش قاتارلىق جىنايەتلەرمۇ بار.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.scmp.com/news/us/diplomacy/article/3337399/mistrial-case-ex-top-aide-new-york-governor-charged-working-china-agent?utm_medium=Social&utm_content=visual-style&utm_source=Facebook&fbclid=IwZXh0bgNhZW0CMTEAc3J0YwZhcHBfaWQKNjYyODU2ODM3OQABHlTsBc7iErVvmqCYGvjNNphIybNm9NPSyYNIlh97DHimPJvVX9dhj7TQpgPe_aem_fCKhmxKjT_9GinTSmOmxHQ



# سەدىدۇددىن كاشغەرىي

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# سەدىدۇددىن كاشغەرىي

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مۇتلەق كۆپ قىسىم داڭلىق تارىخچىلار تۆمۈرىيلەر دەۋرىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە ھىرات شەھرىدە ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر دىنىي پېشۋاسى سەئىدۇددىن كاشغەرىي بىلەن قاراخانىلاردىن كېيىن مەركىزىي ئاسىيادا سەلتەنەت سۈرگەن چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قەشقەردە دۇنياغا كېلىپ، مىلادىيە 1306-يىلى ھازىرقى يەمەننىڭ پايتەختى سانئادىن 255 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تەيز ۋىلايىتىگە قاراشلىق مەۋزە دېگەن يەردە ۋاپات بولغان سەدىدۇددىن كاشغەرىي ھەزرەتنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغاندىن سىرت، يەنە تېخى بۇ ئىككى شەخسنى بىر ئادەم دەپ قاراشماقتا. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئەسىردىن ئارتۇق تارىخىي مۇساپە بار. ئىسمىنىڭ قاپىيداش ئىكەنلىكى ۋە كاشغەرىي فامىلىسى سەۋەبىدىن كۆپىنچە داڭلىق تارىخچىلار بۇ ئىككى شەخسنى بىر ئادەم دېگەن خاتا قاراشتا چىڭ تۇرماقتا.

تىلشۇناس، گىرامماتىكاشۇناس، داڭلىق دەۋەتچى سەدىدۇددىن كاشغەرىي مىلادىيە 1232 - يىلى ئەينى چاغدىكى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچ مۇھىم مەركىزىي شەھرىنىڭ بىرى بولغان قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ دۇنياغا كېلىشتىن 99 يىل بۇرۇن، داڭلىق قاراخانىيلار سۇلالىسىنى بېقىندى قىلىپ قويغان قاراختايلار 1218 - يىلى تولۇق يوقىتىلىپ، 1221 - يىلى شۇ چاغدىكى چاغاتاي خاقانلىقىغا ئاساس سېلىنغان ئىدى. ئەمەلىي زېمىنى قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى زېمىندىنمۇ ئېشىپ كەتكەن چاغاتاي خانلىقى ئەينى چاغدىكى ئىككى چوڭ مەشھۇر ئۇيغۇر سودىگەرلەر ۋە سىياسىيونلار ئاتا - بالا يالاۋاچلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدىكى باشقا خانلىقلارغا قارىغاندا تېز تەرەققىي قىلىپ، بۇرۇنقى خانىۋەيران قىلىنغان ئىگىلىكى ۋە ھەر تۈرلۈك ئەھۋالى تېزلا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. سەدىدۇددىن كاشغەرىي ئەنە شۇنداق ياخشى دەۋردە تۇغۇلغان ئىدى. ئۇ تۇغۇلغان يىللاردا خانلىقنىڭ يېگانە نائىبى مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇد يالاۋاچ قاراخانىلارنىڭ تايانچ شەھرى ۋە باش پايتەختى قەشقەرنى قايتا قۇرۇپ، قاراختايلار ۋە نايمانلارنىڭ قولىدا پۈتۈنلەي نابۇت بولغان ساچىيە مەدرىسىسى ۋە خانلىق كۇتۇپخانىلارنى قايتىدىن بىنا قىلىۋاتقان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ناھايىتى تەلەيلىك بالا دەپ قاراشقا بولاتتى. كېيىنچە بۇ تەلەيلىك ياش پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدىكى ئون چوڭ دىنىي تايانچ پېشۋالارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى

رەشىد ئىبنى ئەلى كاشغەرىي ئىدى. سەدىدۇددىن ئۆزىنىڭ دىنىي مەرتىۋە نامى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قاراخانىلارنىڭ چوڭ دەۋرىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، ھەممەتلىك ئەرباپلاردىن ئىدى.

سەدىدۇددىن كاشغەرىي 1265 - يىلىغىچە مەسئۇد يالاۋاچ ئىنشا قىلغان مەسئۇدىيە مەدرىسىسىنى. ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، «ئەللامە» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. مەسئۇدبەگ ئەمدىلا 33 ياشقا توشقان بۇ ياش ئەللامىنى مەزكۇر مەدرىسكە مۇدەررىسلىككە تەيىنلىگەن. شۇنداق قىلىپ، سەئىدۇددىن كاشغەرىي پۈتۈن بارلىق مەزكۇر ئالىي بىلىم يۇرتىدا تاكى 1287 - يىلىغىچە تولۇق 22 يىل ئۇدا تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا بېغىشلىغان.

مىلادىيە 1288 - يىلى 97 ياشقا كىرىپ قالغان ۋە تېنى خېلىلا ئاجىزلاپ كەتكەن مەسئۇدبەگ بۇخارادىكى مەدرىسىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قەشقەردىن يولغا چىقماقچى بولغىنىدا، سەدىدۇددىن كاشغەرىينى قەشقەردىن بۇخاراغىچە ھەمراھ قىلىپ تاللىۋالغان. بەختكە قارشى مەسئۇدبەگ 1289 - يىلى 22 - ئۆكتەبىر كۈنى بۇخارادا ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ھازىرقى بۇخارادىكى ئۆزى ئىنشا قىلغان داڭلىق مەسئۇدىيە مەدرىسىگە دەپنە قىلىنغان. سەدىدۇددىن كاشغەرىي بۇ چاغدا 57 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بۇ قېتىم قەشقەرگە قايتىشتىن بۇرۇن، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ماۋەرائۇننەھىردىن خۇراسانغا، خۇراساندىن ئىران ئارقىلىق ئىراققا، ئاخىرىدا باغداتتىن دەمەشققە ۋە ئۇ يەردىن قۇددۇس ئارقىلىق مەدىنىگە ۋە مەككىگە يېتىپ بارغان. ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى ھەرەم تەۋەسىدە 12 يىل ئىزدىنىش ۋە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا 1222 - يىلى مەككىدە تۇغۇلۇپ، 1249 - يىلدىن 1295 - يىلىغىچە ھازىرقى يەمەندە سەلتەنەت سۈرگەن مۇزەپپەر مەلىك ئۆمەر ئىبنى يۈسۈپ غەسسانى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇ يەمەندە 1229 - يىلى مۇستەقىل يېڭى دۆلەت قۇرۇپ، ئەييۇبىلاردىن ئايرىلغان مەلىك مەنسۇر نۇرىددىن ئۆمەر ئىبنى ئەلى ئىبنى رەسۇل غەسسانىنىڭ ئوغلى ئىدى. شۇڭلاشقا مەزكۇر يېڭى دۆلەت بۇ جەمەتىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى رەسۇلنىڭ نامى بىلەن رەسۇلىيلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان ئىدى. كېيىنچە بۇ دۆلەتنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى ئوبۇلقاسىم ئەل مەسئۇد 1454 - يىلى ھوقۇقنى تىنچ ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، يەمەندە تاھىرىلار دەۋرى باشلاندى. تاھىرىلار 1539 - يىلى ئوسمانىلار تەرىپىدىن بىر يولىلا پۈتۈنلەي قوشۇۋېلىندى.

رەسۇل جەمەتى مەرىپەتپەرۋەر ئەرەب ئاقسۆڭەك جەمەتى بولغاچقا، مەزكۇر دۆلەتنىڭ قۇرغۇچى سۇلتانى مەككىنى 1233 - يىلى ئەييۇبىلاردىن تارتىۋالغان ئىدى. سەدىدۇددىن كاشغەرىي ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن چاغ دەل مەزكۇر خانلىقنىڭ مەككىدە دۇنياغا كەلگەن ئىككىنچى ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانى ئۆمەر ئىبنى يۈسۈپ مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى ھەم ئىبادەت ھەم مەرىپەتنىڭ قىبلىگاھى قىلىشقا كۈچەۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەن ئىدى. سەدۇددىن كاشغەرىيدىن ئون ياش چوڭ ۋە چېچەن بۇ ھۆكۈمران ناھايىتى تېزلا بۇ ئەجەم ( ئەرەب ئەمەس ) شەيخنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئىلمىي نوپۇزىنى بايقاپ قالغان. تۈنجى

ئۆچرىشىشتىلا ئۇنىڭ بىلەن قەدىناسلارچە يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان ئەرەب سۇلتان ئۇيغۇر ئەللامە سەدىدۇددىن كاشغەرىيگە مەككىدىكى ئون يىلدىن ئارتۇق ئىلمىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئىزچىل مەدەت بېرىپ، ئۇنىڭ بىر مۇنچە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشىغا ئىلھام بەرگەن ئىدى.

مەزكۇر سۇلتان 1295 - يىلى تەختنى ئىزباسارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 1297 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەللامە بىرلا ۋاقىتتا قەشقەردىكى مەسئۇدبەگ يالاۋاچنىڭ نەۋرىسى ۋە قەدىناس ئەرەب سۇلتانىنىڭ نەۋرىسىنىڭ قەشقەر ۋە يەمەنگە تەكلىپ قىلغان دەۋىتىنى تەڭلا تاپشۇرۇۋالغان. بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئەللامىنىڭ ئانا يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە سالامەتلىك ئەھۋالى يار بەرمەيتتى. چۈنكى، ئەينى چاغدا مەككىدىن قەشقەرگە بارغۇچە ئاز دېگەندە يېرىم يىل يول يۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرگە بارغۇچە قاقاس چۆللەر، قارلىق تاغلار ۋە قويۇق ئورمانلىقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. نەتىجىدە، بىر نەچچە يىل ئارىسالدى بولۇپ قالغان ۋە ئىسسىق بەلۋاغنىڭ مۆھتىدىل ھاۋاسىغا ئۆگىنىشىپ قالغان سەدىدۇددىن كاشغەرىي ئەڭ ئاخىرىدا ھاۋا كىلىماتى نىسبەتەن قەشقەرگە ئوخشاپ قالىدىغان يەمەنگە يەرلىشىپ قېلىشنى قارار قىلغان.

ھىممەتلىك ئەللامە ئەينى چاغدىكى رەسۇل خانلىقىنىڭ پايتەختى تەيزگە تەۋە مەۋزە دېگەن ھاۋالىق جايدىن يەر تالالاپ، ناھايىتى كاتتا بىر خورما بېغى ئىنشا قىلغان. قەشقەردىكى باغۇەنلىك روھى يەمەندە مېۋە بېرىپ، مەزكۇر كاتتا خورمىزارلىق يەمەندىكى ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان باغقا ئايلانغان. سەدىدۇددىن كاشغەرىي ھەر يىلى ھوسۇل ۋاقتىدا بۇ يەرگە كېلىپ ئارام ئالسا، باشقا چاغلاردا خانلىق مەركىزىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا تەلىم - تەربىيە بىلەن شۇغۇللىناتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ، سەدىدۇددىن كاشغەرىي ھىجرىيە 705 - يىلى رامىزاننىڭ 7 - كۈنى، مىلادىيە 1306 - يىلى نورۇز كۈنى دۈشەنبە ۋاپات بولغان. مېيىتى ئۆزى ئىنشا قىلغان خورما بېغىغا دەپنە قىلىنغان. قەدىناس دوستى ۋە ئىلمىي سۆھبەتدىشىنىڭ شۇ چاغدا تەختكە ۋارىسلىق قىلغان نەۋرىسى ئۆزى شەخسەن دەپنە ئىشلىرىغا باشتىن - ئاخىرى رىياسەتچىلىك قىلىپ، سەدىدۇددىن كاشغەرىينى ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاش ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن ئۇزىتىپ قويغان.

مەرھۇم ئەللامىنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلىگەن ئەسەرلىرى ئىچىدە بىر ناماز ئوقۇش قوللانمىسى ۋە نامازغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر ھەققىدىكى بىر ئەسىرى، مەككىدىكى چېغىدا يازغان ئاجايىبات ۋە غارايىباتلار توپلىمى نامىلىق تۆت تومлۇق ئەسىرى، ساھابىلار ھاياتىدىن تاللانمىلار نامىلىق داڭلىق ئەرەبچە ئەسەرنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى، «بەخت - سائادەت تاجى» نامىلىق ئىلمىي ئەسىرى ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا بېغىشلانغان «ئۆگۈتلۈك رىسالىسى قاتارلىق» ئەسەرلىرى مەۋجۇت. مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئىزاھلىق شەرھلىرى كېيىنكى دەۋردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە بەزى ئەسەرلىرى نوپۇزلۇق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا دەرسلىك قىلىنغان.



# ياخشى تەشۋش

# ياخشى تەشۋىش

(Good Anxiety)

تۆۋەندىكىسى سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا ئۆگىنىدىغان ئەڭ مۇھىم ساۋاقلىرىڭىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر، ئەمما بىزنىڭ بېسىمغا قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز ئاقىۋەتتە غايەت زور پەرق يارىتىدۇ.

نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نېرۋا پەنلىرى ئالىمى، دوكتور ۋېندى سۇزۇكى (Wendy Suzuki) ئۆزىنىڭ «ياخشى تەشۋىش» ناملىق كىتابىدا، تەشۋىشنىڭ چوقۇم دۈشمەن بولۇشى ناتايىنلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئەكسىچە، تەشۋىش بىزنى تېخىمۇ ساغلام ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئۈندەيدىغان كۈچلۈك بىر سىگنال بولالايدىكەن.

سۇزۇكى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى، ھاراققا بېرىلىش، ئۆزىنى جەمئىيەتتىن چەتكە ئېلىش ياكى خىزمەتخۇمار بولۇپ كېتىشتەك تاقابىل تۇرۇش مېخانىزملىرىمىز بىر مەھەل ئۈنۈملۈكتەك تۇيۇلغان بىلەن، ئاخىرقى ھېسابتا ھېسسىياتىمىزنى ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىمىزنى يىمىرىپ تاشلايدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئۇسۇللار تىزگىنلەنمىسە، بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ؛ ئىنتىلىشچانلىقىمىزنى تۆۋەنلىتىپ، ھېسسىياتىمىزنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىمىزنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، خۇش خەۋەر شۇكى، ھامان ئۆزگىرىش يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار. سۇزۇكى بىزنى پاسسىپ تاقابىل تۇرۇش ئادەتلىرىنى بايقاشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئاكتىپ ئادەتلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

تۆۋەندىكى ئۇسۇللار مېڭە ۋە بەدەن سېستىمىمىزنى قايتىدىن تەڭشىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. تەشۋىشنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت مەنبەسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆسۈپ يېتىلىش قورالىغا ئايلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. بېسىمغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىمىزغا دىققەت قىلىش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرىمىزنى يېڭىلاش ئارقىلىق، تەشۋىشنى ھېسسىيات چىدامچانلىقىمىزنى (روھي كۈچىمىزنى) ئاشۇرۇشنىڭ ۋە شەخسىي يۈكسىلىشنىڭ پۇرسىتىگە ئايلاندۇرالايمىز.

تۆۋەندىكىلەر تەشۋىشنى توغرا شەكىلدە كونترول قىلىشتا چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

مەيلى ئاكتىپ ياكى پاسسىپ بولسۇن، ھېسسىياتلىرىڭىزنى ئاتاش (نام بېرىش)؛

ئاچچىقىڭىزنى تىزگىنلەش؛

ئۆز - ئۆزىڭىزگە باھا بېرىش (تەپەككۇر قىلىش) مەشقى قىلىش؛

دوست - بۇرادەرلىرىڭىز ۋە ئائىلىڭىزدىن ياردەم سوراش؛

ھېسسىياتلىرىڭىز ھەققىدە پىكىرلىشىش ياكى سۆزلىشىش؛

بەدەن چېنىقتۇرۇش؛

قىزىقىدىغان ئىشلارنى قىلىش ياكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش؛

سىرتلاردا (تەبىئەت قوينىدا) ۋاقىت ئۆتكۈزۈش؛

بىرەر ۋەقەگە باشقا نۇقتىدىن قاراش؛

تەپەككۇر ئۇسۇلىدا جانلىق بولۇش ۋە يېڭىچە پىكىرلەرگە ئوچۇق بولۇش؛

كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ياكى ئاڭلىق ھالدا ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈشنىڭ باشقا شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىش؛

ئائىلە، ھەمراھ ۋە دوستلار بىلەن سۈپەتلىك ۋاقىت ئۆتكۈزۈش؛

ئۆز - ئۆزىگە ئاكتىپ سۆزلەرنى قىلىش ۋە ئۆزىنى جەزملەشتۈرۈش؛

تەپەككۇر قىلىش ياكى دۇئا-ئىبادەت قىلىش؛

خىزمەت ئورنىڭىزنى ياكى ئۆيىڭىزنى تازىلاش ۋە رەتلەش؛

ئېھتىياج تۇغۇلغاندا ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرىدىن ياردەم سوراش؛

ئەرمەك ھايۋانلار بىلەن ياكى باللار بىلەن ئويناش.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

# مۇسۇلمانلارنىڭ توماس ئاكۋىناسقا كۆرسەتكەن تەسىرى



زۇلپىقار ئەلى شاھ

# مۇسۇلمانلارنىڭ توماس ئاكۋىناسقا كۆرسەتكەن تەسىرى

زۇلپىقار ئەلى شاھ

1225- يىلى ھازىرقى ئىتالىيە تەۋەسىدىكى ئاكۋىنوغا يېقىن جايدا دۇنياغا كەلگەن توماس ئاكۋىناس (1225 –1274) — ئىتالىيەلىك دومىنىك مەزھىپى راھىبى، پەيلاسوپ، كاتولىك پوپى ۋە چىركاۋ ئالىمى ئىدى. ئۇ غەرب پەلسەپىسى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىقىدا، بولۇپمۇ خرىستىيان ئەنئەنىسىدە ئەڭ مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. ئاكۋىناس خرىستىيان ئەقىدىلىرى بىلەن ئارىستوتىل پەلسەپىسىنى ئىلاھىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئۆزئارا يۇغۇرۇشى بىلەن ئالاھىدە مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگىكى ئۇنى كاتولىك چىركاۋىدا يۇقىرى شان - شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن.

## خرىستىيان تەپەككۇرىدىكى مۇھىم ئورنى

ئەقىدە بىلەن ئەقىلنىڭ يۇغۇرۇلۇشى.

ئاكۋىناس بەلكىم ئەقىدە بىلەن ئەقىلنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقى بىلەن مەشھۇر بولسا كېرەك. ئۇ ھەقىقەتنىڭ ھەم ئەقىدە (ۋەھيي) ھەم ئەقىل (ئىنسان ئەقلىنىڭ تەبىئىي نۇرى) ئارقىلىق تونۇلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئىككى خىل بىلىم مەنبەسىنىڭ تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا بىر-بىرىگە زىت كەلمەستىن، ئەكسىچە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ پرىنسىپ كېيىنكى دەۋرلەردىكى خرىستىيان تەپەككۇرىغا، بولۇپمۇ ئىلىم - پەن، پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بولغان چۈشەنچىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان كاتولىك ئەنئەنىسىگە چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىر كۆرسەتتى.

## سۇمما تېئولوگىكا (ئىلاھىيەت قامۇسى)

ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى بولغان «سۇمما تېئولوگىكا» (Summa Theologica) — ئىلاھىيەتشۇناسلىقتىكى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر شۇ دەۋردىكى خرىستىيان ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنىڭ خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ماھىيىتىدىن تارتىپ، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگىچە بولغان تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «سۇمما» خۇدا ۋە يارىتىلىش ھەققىدىكى خرىستىيانچە تونۇشقا نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولغاچقا، ئىلاھىيەتشۇناسلار،

پەيلاسوپلار ۋە كاتولىك ئەقىدىسىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ھېلىھەم بىر مۇھىم پايدىلىنىش مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە.

### پەلسەپىۋى تۆھپىلەر

توماس ئاكىۋىناس بىر يېتىشكەن پەيلاسوپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى پەقەت ئىلاھىيەتشۇناسلىق مەسىلىلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇ مېتافىزىكا، ئەخلاقشۇناسلىق ۋە سىياسىي پەلسەپە ساھەلىرىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ ۋۇجۇد، ماھىيەت ۋە مەۋجۇت بولۇش ئەمەلىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى پەقەت ئىلاھىيەتشۇناسلىققىلا ئەمەس، بەلكى يەنە دۇنياۋى پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

### ئارىستوتىلچە يۇغۇرۇلما

ئاكىۋىناس خىرىستىيان ئىلاھىيەتشۇناسلىقى بىلەن ئارىستوتىل پەلسەپىسىنى ئۆزئارا يۇغۇرۇۋەتكەنلىكى بىلەن مەشھۇر. ئۇ ئارىستوتىلنىڭ پەلسەپىۋى قۇرۇلمىسىدىن پايدىلىنىپ خىرىستىيان ئەقىدىلىرىنى ئېنىق شەرھلىدى ۋە چۈشەندۈردى. شۇنداقلا ئارىستوتىلنىڭ ئەسەرلىرىنى خىرىستىيان ئېتىقادىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئارىستوتىلنىڭ ئەسەرلىرى مۇسۇلمان ئىسپانىيەسى ئارقىلىق غەربىي ياۋروپاغا كىرىۋاتقان بىر تارىخىي پەيتتە، بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق ئىدى.

### چىركاۋغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئاكىۋىناس 1323 - يىلى «مۇقەددەس زات» دەپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ كاتولىك چىركاۋغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۆزاققىچە داۋاملاشقان. ئۇنىڭ پەلسەپىسى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىق ئىلمى نۇرغۇنلىغان پاپالار ۋە دىنىي ئالىملار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. 1567-يىلى ئۇنىڭغا «چىركاۋ ئالىمى» دېگەن نام بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كاتولىك چىركاۋنىڭ كۆپ قىسىم تەلىماتلىرى ۋە دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئاساس سالغان.

### جەلپ قىلىش كۈچى

ئاكىۋىناسنىڭ ئەسەرلىرى كاتولىك چىركاۋىدىن ھالقىپ كەتكەن ھالدا كەڭ دائىرىلىك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىققا تۇتقان ئەقلىي مۇئامىلىسى ۋە پەلسەپىۋى دەلىللەر ئارقىلىق ئېتىقاد ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۇسۇلى تۈرلۈك خىرىستىيان مەزھەپلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى خىرىستىيان دىنىغا مەنسۇپ بولمىغان ساھەلەردىمۇ زور تەسىر قوزغىغان.
توماس ئاكىۋىناسنىڭ خىرىستىيان چۈشەنچىسىگە قوشقان تۆھپىلىرى زور ۋە چوڭقۇر. ئۇنىڭ ئەقىدە بىلەن ئەقىلنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى، شۇنداقلا ئىلاھىيەتشۇناسلىق ۋە پەلسەپىگە تۇتقان

سىستېمىلىق ئۇسۇلى ئۇنى خرىستىيان دۇنياسىنىڭ ئىدىيەۋى ئەنئەنىسىدىكى مەركىزىي شەخسكە ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىگە خاس ئۆتكۈر كۆز قاراشلىرى، چوڭقۇرلۇقى ۋە غەرب تەپەككۇرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تۇپەيلىدىن، ھازىرمۇ داۋاملىق تەتقىق قىلىنماقتا ۋە ھۆرمەتلەنمەكتە.

## ئەرەپ ۋە پارس پەيلاسوپلىرىنىڭ توماس ئاكۋىناسقا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىۋى ئىلاھىيەتشۇناسلىقىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەرباب دەپ نام ئالغان توماس ئاكۋىناس مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ مۇجەسسەم تەپەككۇرىدىن زور دەرىجىدە ئوزۇقلانغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە ئىبنى رۇشد، ئىبنى سىنا، فارابى ۋە غەزالى قاتارلىقلاردىن پات - پات نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ مەزكۇر ئالىملارنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن بولغان ئىلمىي ئالاقىسى ۋە دىئالوگىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاكۋىناس ئۇلارنىڭ تېكىستلىرىنىڭ لاتىنچە تەرجىمىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئۆزىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئىلمىي ئىزدىنىشىگە سىڭدۈرگەن.

## ئىلاھىيەتشۇناس جەھەتتە

توماس ئاكۋىناس ئۆزىنىڭ ئىلاھىيەت ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە پەلسەپىنى تايانچ قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن بىر ئىلاھىيەتشۇناس بولۇش سۈپىتىدە، ئىلاھىيەتشۇناسلىق بىلەن پەلسەپە ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنى ماسلاشتۇردى. بۇ تىرىشچانلىق، ئاكۋىناستىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن ئىلاھىيەت پرىنسىپلىرىنى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش يولىدا ئوخشاش بىر ئىزدىنىشكە ئاتلىنىپ، ئاكۋىناس ئۆرنەك ئالغۇدەك بىر يولنى قالدۇرۇپ كەتكەن پەيلاسوپلار ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئەينى ئىپادىسى ئىدى. ئاۋگۇستىن ۋە باشقا دەسلەپكى مەزگىللىك چىركاۋ پېشۋالىرىنىڭ پىلاتونچە مايىللىقلىرىدىن ھالقىپ، ئارىستوتىل پەلسەپىسىگە روشەن ھالدا يۈزلەنگەن ئاكۋىناس، خرىستىيان ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنى ئارىستوتىل تەپەككۇرى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان.

## مۇسۇلمان سىسىلىيەسى

ئۇنىڭ ئارىستوتىل بىلەن بولغان تونۇشى ئۇچرىشىشى ناپولى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىگە توغرا كەلگەن ئىدى. مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت جايلاشقان نورمان سىسىلىيەسى رايونى تەخمىنەن ئۈچ ئەسىر (831-1072) داۋاملاشقان مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، نورمان ئىشغالىيىتىدىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەردىكى مەۋجۇتلۇقى داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى. نورمان ھۆكۈمدارلىرى، بولۇپمۇ ئىككىنچى فېدېرىك، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنىڭ ئەرەب تىلىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. بۇ مەدەنىيەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇش ئارىستوتىل پەلسەپىسىنىڭ تارقىلىشىنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان ئىدى.

ئارىستوتېل پەلسەپىسى ئەبۇ ناسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد ۋە ئەبۇ هامىد غەزالى قاتارلىقلار تەرىپىدىن يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلغان ئەنئەنە بولۇپ، بۇ ئالىملار ئاكۋىناس دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە شەرھى ۋە تەپسىر يېزىش ئارقىلىق ئەتراپلىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

## 12 ـ ئەسىر تەرجىمىچىلىكى

ئىسپانىيە ۋە مۇقەددەس زېمىنغا قىلىنغان ئەھلى سەلىب يۈرۈشلىرى مەزگىلىدىكى مەدەنىيەتلەر ئارا ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى تۈرتكىسىدە، 12- ئەسىر مەزكۇر ئەنئەنىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ۋە لاتىن تىلىغا سىڭىپ كىرىشىدىكى يۇقىرى پەللە بولدى. جەنۇبىي ئىتالىيەگە، بولۇپمۇ ناپولىغا جايلاشقان ئاكۋىناس، بۇ خىل ئىدىيەلەر جەم بولغان بىر مەركىزىي نۇقتىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇ مەزكۇر رايوننىڭ مۇسۇلمان پەلسەپىۋى تەپەككۇرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىدىن زور دەرىجىدە مەنپەئەتلەنگەن ئىدى. گوردون لېف 12- ئەسىردىن 13- ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئىدىيەۋى ئۆزگىرىش جەريانىنى «ئىسلام دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن كۆرە، ئۇنىڭ بىلەن ئەھمىيەتلىك ئۇچرىشىشقا قاراپ يۈزلىنىش» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. گوردون لېف بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيەۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا، 12- ئەسىر بىلەن 13- ئەسىر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دەل ئىسلام دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىدى».

### مۇسۇلمان ئىلاھىيەتشۇناسلار ۋە ئەقلىي پەلسەپە

ئەبۇ هامىد غەزالى (1111-1058)، شەھرىستانى (1153-1086) ۋە پەخرۇددىن رازى (1210-1149) قاتارلىق كالامچىلار ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت دەپ قارالغان تەرەپلەرگە تەنقىدىي باھا بېرىش مەقسىتىدە، ئارىستوتېل ۋە باشقا مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. بۇ ئىلاھىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ پەيلاسوپ زامانداشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، ئىلاھىي ۋەھىينى ئىنسان ئەقلىدىن ئۈستۈن قويغانىدى. ئۇلار گەرچە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ قىممىتىنى ئىككىلەمچى سۈپەتتە ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما ئىلاھىيەتشۇناسلىق ۋە ئەقىدىنى دۇنياۋى پەلسەپىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە يۇنان پەلسەپىۋى تەپەككۇرى مەلۇم دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەن، ئەمما ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان پەيلاسوپلارغا خاس بولغان ئەقلىيچىلىك تولۇق قوبۇل قىلىنمىغان ئۆزگىچە بىر خىل ئىلاھىيەت - پەلسەپە قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل يۆنىلىش مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ روشەن ئەقلىيچىلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ مۇھاپىزىكار بىر ئىلاھىيەت قارىشىنى نامايان قىلاتتى. گەرچە غەزالىغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى زاتلار مەلۇم پەلسەپىۋى پىششىقلارنى ئىسلامغا زىت دەپ تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككى گۇرۇھ ئۆز ئەمگەكلىرىنى ئىسلام ۋەھيىسى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا ۋە ئېتىقادقا تۆھپە قوشۇشقا تىرىشقانىدى. توماس ئاكۋىناس ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىدە مۇسۇلمان ئىلاھىيەتشۇناسلارنى ئۆرنەك قىلغانىدى.
شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئەسىر يەھۇدىي جامائىتىمۇ ئەقىدە بىلەن پەلسەپىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ئەھۋالدىنمۇ بەكرەك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئاساسەن مۇسۇلمانلار ئىگىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان سائادىيا گاۋون ۋە مۇسا مەيمۇنى

(مەيمۇنىدېس) قاتارلىق يەھۇدىي ئىلاھىيەتشۇناسلىرى، ئۆزى تەۋە بولغان دىنلاردىكى ئەقىدىۋى زىددىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان ئىلاھىيەتشۇناسلىرى قوللانغانغا ئوخشاش ئۇسۇللارنى ئىشقا سالدى. كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈردى.
خرىستىيان دىنىدا، ئەقىدە بىلەن ئەقىل ياكى ئىلاھىيەتشۇناسلىق بىلەن پەلسەپە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئىسلام ۋە يەھۇدىي دىنلىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ چوڭ ئىدى. يېڭى پىلاتونىزم ۋە ئاۋگۇستىنچە پىلاتونىزمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان خرىستىيان ئىلاھىيەتشۇناسلىق تەپەككۇرى، تەجرىبىگە تايانغان ئىزدىنىشتىن كۆرە نىجاتلىق ۋە ئىلاھىي سىر - ھېكمەتلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئەقىدە سەۋەبلىك تەبىئىي دۇنياغا بولغان قىزىقىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانىدى. تاكى 12- ئەسىرگىچە، ئارىستوتېلنىڭ مەنتىق ئىلمىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى لاتىن خرىستىيان دۇنياسىغا يېتىپ بارمىغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر پەقەت مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ تۇرتكىسىدە ئەرەب تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن كەڭ ئومۇملاشقان ئىدى. 13- ئەسىرگە كەلگەندە، ئىبنى رۇشدنىڭ (ئاۋېررويس) ئارىستوتېل ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھلىرىنىڭ تەسىرى شۇقەدەر كۈچەيگەنكى، ئۇ ھەتتا «شەرھچى» دەپ ئاتالغان. فارابى، ئىبنى سىنا (ئاۋىتسىننا) ۋە غەزالىلارنىڭ لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى لاتىن ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەنبەلەرگە ئايلانغانىدى. توماس ئاكۋىناسنىڭ خرىستىيان ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنى ئارىستوتېل پەلسەپىسى بىلەن يۇغۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىشى جەريانىدا، مۇسۇلمان ئارىستوتېلچىلىق ئەنئەنىسى بىلەن مۇقەررەر ھالدا يۈزلەشكەن ئىدى.
توماس ئاكۋىناسنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈچ نەپەر مەشھۇر مۇسۇلمان پەيلاسوپ — ئىبنى سىنا (ئاۋىتسىننا)، فارابى (ئالفارابىئۇس) ۋە ئىبنى رۇشدنىڭ يازمىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق، ئىسلام ئىلىم - پېنىنىڭ تەسىرىنى نامايان قىلىدۇ.

## ئىبنى سىنا، 980 ـ 1037 ـ يىللار

پەلسەپە، تىبابەت ۋە ئىلىم - پەن قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن پارس قامۇسشۇناسىدۇر. ئىبنى سىنانىڭ مېتافىزىكىغا ئائىت ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «كىتابۇششىفا» (شىپالىق كىتابى) ناملىق ئەسىرى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىدىكى چىركاۋ پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرغان. توماس ئاكۋىناس ئىبنى سىنانىڭ مەۋجۇتلۇق، ماھىيەت ۋە خۇدانىڭ تەبىئىتىگە ئائىت قاراشلىرىغا پات - پات مۇراجىئەت قىلىپ، بۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىق قۇرۇلمىسىغا سىڭدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە بۇلارنى تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىن باھالاپ، خرىستىيانچە چۈشەنچىگە ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقان.

## فارابى، 950 ـ 872 ـ يىللار

غەربتە «ئالفارابىئۇس» دەپ تونۇلغان فارابى، ئەسلى پارس نەسىللىك، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ، مەنتىقشۇناس ۋە مۇزىكانت ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، (ئارىستوتېل «بىرىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان بولسا) ئۇ پەلسەپە ساھەسىدە «ئىككىنچى ئۇستاز»

دېگەن نام بىلەن تەرىپلەنگەن. فارابى پەلسەپە، مەنتىق، سىياسەتشۇناسلىق ۋە مۇزىكا نەزەرىيەسى ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ پىلاتون ۋە ئارىستوتېل تەپەككۇرىدىكى ئېلېمېنتلارنى ئىسلامىي چۈشەنچىلەر بىلەن يۇغۇرۇپ، ئىبنى سىنا (ئاۋىتسېننا) ۋە ئىبنى رۇشد (ئاۋېررويېس) قاتارلىق كېيىنكى دەۋر ئىسلام پەيلاسوپلىرى ئۈچۈن ئۇل سېلىپ بەرگەن.

## فارابىنىڭ پەلسەپە ۋە مەنتىققا قوشقان تۆھپىلىرى

فارابىنىڭ پەلسەپە ۋە مەنتىق ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى بۈسۈش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىگە شەرھلەرنى يازغان، ھەمدە ئارىستوتېلچە مەنتىق ۋە مېتافىزىكىنى يېڭى پىلاتونىزم بىلەن ئۇزئارا يۇغۇرۇپ، ئۆزىگە خاس بىر پەلسەپە سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرى كائىناتنىڭ ماھىيىتى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە پەزىلەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ رولى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئەقىل بىلەن ۋەھيىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقان بولۇپ، دۇنيانى چۈشىنىشتە ئەقلىي ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلمىغان.

## سىياسى پەلسەپە

سىياسى پەلسەپە ساھەسىدە، فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدە ئەقىل بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ۋە بىر پەيلاسوپ پادىشاھ رەھبەرلىك قىلىدىغان غايىۋى جەمئىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ جەمئىيەت ئادالەت، بەخت - سائادەت ھەمدە ئەقلىي ۋە روھىي كامالەتكە ئىنتىلىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ رەھبەرلىك ۋە جەمئىيەتنى تەشكىللەش ھەققىدىكى ئىدىيەلىرى ئىسلام ۋە غەرب سىياسىي تەپەككۇرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

## تارىخىي مىراسى

فارابىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا قالدۇرغان مىراسى زور سالماقتا ئىگە. ئۇنىڭ پەرقلىق پەلسەپىۋى ئەنئەنىلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە بىلىمگە تۆتقان مۇئامىلىسى — شەرق پەلسەپىسىگە، ئوتتۇرا ئەسىر تەپەككۇرىغا ۋە ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىگە ئۆچمەس تەسىرلەرنى قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىبرانىي ۋە لاتىن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشى يەھۇدىي ۋە خرىستىيان مۇتەپەككۇرلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى. فارابىنىڭ پەنلەر ئارا قوشقان تۆھپىلىرى ئۇنىڭ مەدەنىيەتلەر ۋە دەۋرلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى پەلسەپە تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ شەخسكە ئايلاندۇردى. توماس ئاكۋىناس فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## ئىبنى رۇشد، 1126 ـ 1198 ـ يىللار

ئارىستوتېل ئەسەرلىرىگە يازغان كەڭ دائىرىلىك شەرھىلىرى بىلەن تونۇلغان ئىسپانىيەلىك ئەرەب پەيلاسوپى ۋە مۇتەپەككۇردۇر. ئىبنى رۇشد (ئاۋېرروېس) ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى ئىسلام ئىلاھىيەتشۇناسلىقى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقان بولۇپ، بۇ ئۇرۇنۇش ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىنىڭ ئىدىيەۋى مەنزىرىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئاكۋىناس ئىبنى رۇشدنىڭ شەرھىلىرى ئۈستىدە، بولۇپمۇ ئۇزىنىڭ ئارىستوتېل ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھىلىرىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئاكۋىناس كۆپىنچە ھاللاردا، بولۇپمۇ ئەقىلنىڭ ماھىيىتى ھەمدە ئەقىل بىلەن ئەقىدە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىدە، ئىبنى رۇشد بىلەن پىكىر ئىختىلاپىدا بولاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىبنى رۇشدنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بولغان بۇ خىل ئىلمىي ئۇچرىشىش ئاكۋىناسنىڭ ئۆز دەلىللىرىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈشىگە، ھەمدە ئۆزىگە خاس خرىستىيان ئارىستوتېلچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.
ئاكۋىناسنىڭ بۇ ۋە باشقا مۇسۇلمان ئالىملار بىلەن بولغان ئىلمىي ئالاقىسى ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە مەدەنىيەتلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان مول مەزمۇنلۇق ئىدىيەۋى ئالماشتۇرۇشلارنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. مۇسۇلمان پەيلاسوپلار ئەسەرلىرىنىڭ لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ئارقىلىق ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي تۆھپىلىرىنى لاتىن غەرب دۇنياسىغا يەتكۈزۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ يەتكۈزۈش جەريانى ئاكۋىناس ئاساسلىق ۋەكىلى ھېسابلانغان مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئاكۋىناسنىڭ مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلىش، تەنقىدىي نۇقتىدىن باھالاش ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەش ئىقتىدارى، ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىيان ئەنئەنىلىرىنىڭ بۇ ئەرەپ ياكى پارس پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

https://shaikhzulfiqar.com/post_detail.php?act=view&post=Muslim-Influences-on-St.-Thomas-Aquinas&i=wwbiwe&c=qiwe


تۈگۈنلەر ۋە يېشملەر
جېنسېن خۇاڭنىڭ 15 پرىنسىپى
پيتر ياڭ

# جېنسېن خۋاڭنىڭ 15 پرىنسىپى

پېتېر ياڭ

تۆۋەندە دۇنياغا مەشھۇر نىدۋىيا شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى جېنسېن خۋاڭنىڭ ھاياتلىق ۋە خىزمەتكە ئائىت 15 پرىنسىپىنى بايان قىلىمىز.

جېنسېن خۋاڭ NVIDIA نى يېتەكلەپ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك شىركەتكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىلگىرى، ھاجاتخانا تازىلىغان، چىنە - قاچا يۇيۇغان ئىدى.

مەن كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ ئاسىيالىق كىشىنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ 10 سائەتتىن ئارتۇق زىيارەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. تۆۋەندىكىسى جېنسېننىڭ مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان 15 سۆزىدۇر. جېنسېننىڭ سۆزلىرىگە قوشۇپ بەزى مۇلاھىزىلەرنىمۇ يېزىپ قويدۇم.

1. «مېنىڭ نىشانىم — قالتىس كىشىلەر كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قىلالايدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىش.»

مەنچە، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن ئۈچ تۈرلۈك شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك:

ئۈچۈر ئارقىلىق كۈچ - قۇۋۋەت بېرىش. مەن پەقەت بىرلا ئادەم ئاڭلىسا بولىدىغان قارارلارنى چىقارمايمەن. مەن تۈرلۈك مۇتەخەسسىسلەر ۋە خادىملاردىن تۈزۈلگەن كوماندىنىڭ بىر مەسىلە ئۈستىدە بىرلىكتە ئىشلىيەلەيدىغان مۇھىتنى ئەۋزەل كۆرىمەن.

مەسىلىلەرنى ئاشكارا تەھلىل قىلىش. مەلۇم بىر ئابستراكت (مۇجمەل) ئىدىيەنى ئېلىپ، ئۇنى نېمە قىلىشىمىز ياكى نېمە قىلماسلىقىمىز كېرەكلىكىگىچە ئېنىق تەھلىل قىلىپ چىقىش — كىشىگە ئاجايىپ كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

تولۇق قاتلاملىق شىركەت بولۇش. مەن شىركەتنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋە تۆھپە قوشقۇچىلارنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا مەلۇم بىر مەسىلىگە ئارىلىشىشىغا ئىلھام بېرىشكە تىرىشىمەن.

جېنسېننىڭ شىركەتتىكى ھەر بىر كىشىنى NVIDIA نىڭ بۈرچىنى ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاشكارىلىق ۋە ئورتاق مۇنازىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مېنى بەكمۇ قايىل قىلدى.

## 2. «قول ئاستىمدا ماڭا بىۋاستە دوكلات بېرىدىغان 60 خادىم بار. لېكىن مەن ئۇلار بىلەن يەككە (ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزمەيمەن.»

سىزنىڭ تۆھپىڭىز ئۇچۇرغا ئېرىشىشتىكى ئىمتىيازغا تايىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

«مەن خادىملار بىلەن يەككە سۆھبەت ئۆتكۈزمەيمەن. دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆپچىلىككە تەڭلا ئېيتىمەن. مەن پەقەت بىر-ئىككى ئادەملا ئاڭلىسا بولىدىغان ئۇچۇرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

مەن ھەممەيلەننىڭ ئوخشاش بىر ئىش پىلانى (مېلودىيەسى) بويىچە ئىشلىشىنى ياخشى كۆرىمەن. ھەممىمىزنىڭ بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئورتاق كۈچ چىقىرالىشىمىز مېنى سۆيۈندۈرىدۇ. (بۇنداق بولغاندا) ھەر بىر ئادەم مەسىلە ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنىڭ ئارقىسىدىكى قائىدىنى چۈشىنەلەيدۇ.»

مېنىڭچە جېنسېننىڭ بۇ ئۇسۇلى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كۆپ قىسىم خادىملارغا نىسبەتەن، يەككە سۆھبەت — كەسپىي تەرەققىيات ۋە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى مۇزاكىرە قىلىشتىكى مۇھىم سورۇن ھېسابلىنىدۇ. يەككە سۆھبەتكە باشقۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى خىزمەتچى ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

## 3. «مەن (خىزمەتچىلەرگە) كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا پىكىر بېرىمەن.»

جېنسېن 2024-يىللىق «Stripe» يىغىنىدا باشقىلارنىڭ پاجىئەلىرىدىن ساۋاق ئېلىشتىنمۇ بەكرەك بىزنى خۇشال قىلىدىغان ئىش يوق.

«بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش. ئالدى بىلەن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، پىكىر بېرىش — ئۆگىنىش دېمەكتۇر. نېمە ئۈچۈن بۇنى پەقەت سىزلا ئۆگىنىشىڭىز كېرەك؟

سىز ئۆزىڭىز كەلتۈرۈپ چىقارغان مەلۇم خاتالىق ياكى دۆتلىكىڭىز تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويدىڭىز. بىزلەرنىڭ ھەممىمىز چوقۇم بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك.

باشقىلارنىڭ خاتالىقىدىن ساۋاق ئېلىش — ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. نېمە ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىڭىز خىجىل بولۇش بەدىلىگە ساۋاق ئالىسىز؟ باشقىلارنىڭ خىجىللىقىدىن ساۋاق ئېلىش تېخىمۇ ئەۋزەل ئەمەسمۇ!»

بۇ، «كۆپچىلىك ئالدىدا ماختاش، ئايرىم تەنقىدلەش» تىن ئىبارەت كۆرسەتمىگە تامامەن زىت. مېنىڭچە مەھسۇلاتتىكى مەغلۇبىيەتلەردىن ئاشكارا ساۋاق ئېلىش مۇھىم، ئەمما شەخسلەرگە كۆپچىلىك ئالدىدا پىكىر بېرىش ئۇسۇلىنى، پەقەت ئۇنى ئىجابىي (قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك) ئۇسۇلدا قىلالىسىڭىزلا ئاندىن قوللىنىشقا بولىدۇ.

**4. «مەن قارارلىرىمنىڭ ئەقلىيلىكىنى تەھلىل قىلىشقا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىمەن.»**

«مەن قارار چىقىرىشتىكى تەپەككۇر جەريانىنى تەھلىل قىلىشقا كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىمەن. بۇ خادىملارغا كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ ئارقىلىق رەھبەرلەرنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قانداق پىكىر يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

ھەر بىر يىغىندا، ۋەزىيەتكە قانداق باھا بېرىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن: يەنى، ‹مەن بۇنى تەھلىل قىلىپ بېرەي، نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلغانلىقىمنى ھەمدە ئىدىيەلىرىنى قانداق سىلىشتۇرۇپ پەرقلەندۈرىدىغانلىقىمىزنى ئىزاھلاپ ئۆتەي› دەيمەن.

مەنچە، باشقۇرۇشنىڭ بۇنداق جەريانى (كىشىلەرگە) ھەقىقەتەن كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.»

مەن بۇ پرىنسىپنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن. بۇ يەنە مېنىڭ يازمىچە ئالاقىگە ئامراقلىقىمنىڭ سەۋەبىدۇر. جېف بېزوس ئېيتقاندەك: «ئېنىق تەپەككۇر قىلمىغۇچە ئالتە بەتلىك، بايان قۇرۇلمىسىغا ئىگە خىزمەت خاتىرىسىنى يېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس.» خىزمەت خاتىرىلىرىنى يەنە پۈتۈن شىركەت بىلەن ئورتاقلىشىش ھەممىگە ھەمبەھىرلىگىلى بولىدۇ.

**5. «بىز پەقەت مۇئاۋىن رەئىسلەر، بۆلۈم مەسئۇللىرى ياكى مۇدىرىيەت يىغىنلىرىنىلا ئېچىش بىلەن چەكلەنمەيمىز.»**

«مەن ئاچىدىغان يىغىنلاردا، ئالىي مەكتەپنى يېڭىلا پۈتتۈرگەنلەرمۇ بولىدۇ. ھەر قايسى ئوخشىمىغان تارماقلاردىن كەلگەنلەرمۇ بار. بىز ھەممىمىز شۇ يەردە بىللە ئولتۇرىمىز.

سىز ئەھۋالنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ئەڭ قابىلىيەتلىك كىشىنىڭ شۇ يەردە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىسىز. ئۇلار يا شۇ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار، ياكى شۇ ۋەزىيەتكە بىۋاستە دۇچ كەلگەنلەر بولىدۇ.»

نۇرغۇن شىركەتلەردە، ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرغۇچىلىرى ئۇچۇرغا ئېرىشىش ھوقۇقىنى تىزگىنلەۋالىدۇ. ئەمما مەن بىللە ئىشلىگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە بۆلۈم مەسئۇللىرى سەممىمىي ۋە ئوچۇق-يورۇق ئىدى. قول ئاستىڭىزدىكى خادىملار ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ئۈچۈن، (شىركەتتىكى) چوڭ ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

**6. «مەن خادىملارنى ناھايىتى ئاز خىزمەتتىن بوشىتىمەن — مەن ئۇلارنى قىيناپ بولسىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈشنى ئەۋزەل كۆرىمەن.»**

NVIDIA «دەننىيس» (Denny's) دىكى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن باشلانغان.

«قاراڭ، مەن بۇرۇن ھاجەتخانا تازىلىغان ئىدىم. ھازىر بولسا بىر شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى (CEO). كىشىگە ئۆگىنىش پۇرسىتى بېرىلىشى كېرەك. مەن كىشىلەردىن ئاسانلا ۋاز كېچىشنى ياقتۇرمايمەن.

مەن سىزنى قىيناپ بولسىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈشنى ئەۋزەل كۆرىمەن، چۈنكى مەن سىزگە ئىشىنىمەن.

كامالەت بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ. مېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ تۇنۇگۈن تېخى چۈشەنمىگەن بىر ئىشنىڭ، بىر كۈنى تۇيۇقسىز كاللىڭىزدا ‹يورۇپ كەتكەن› دەك تۇيغۇسى بارغۇ؟ دەل شۇ پەيت يېتىپ كېلىشتىن سەل بۇرۇنلا ۋاز كەچكەنلىككىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

شۇڭا، مەن (ۋاز كەچمەي) سىزنى داۋاملىق قىيناۋېرىمەن.»

بۇ سۆز ئاڭلاشقا ناھايىتى قالتىس بىلىنىدۇ، ئەمما بەزىدە كىشىلەر مەلۇم بىر خىزمەت ئورنىغا راستىنلا ماس كەلمەي قېلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ مەسلىھەت ئاللىبۇرۇن يۇقىرى سەۋىيىدە ئىشلەۋاتقان ۋە تېخىمۇ مۇنەۋۋەر بولۇشنى ئىستەيدىغان كىشىلەرگە بەكرەك ماس كېلىدۇ.

**7. «مەن نۆل مىليارد دوللارلىق بازارلارنى ياخشى كۆرىمەن.»**

«بىزنىڭ مەقسىتىمىز — ئىلگىرى ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىش بولۇشى كېرەك.
بۇنداق بازارلارنىڭ كۆلىمى نۆل مىليارد دوللار.
بىز ھەرگىزمۇ بازار ئۈلۈشى ھەققىدە توختالمايمىز. بازار ئۈلۈشى دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئۆزىلا — باشقا بىر توپ كىشىنىڭمۇ ئوخشاش ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق تالانتلىق كىشىلەرگە ئاللىبۇرۇن قىلىنىپ بولغان بىر ئىشنى قىلغۇزۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىمەن؟
بىز ئاجايىپ بازارلارنى ۋە قىلىش تەس بولغان ئىشلارنى تاللىغانلىقىمىز ئۈچۈن، قالتىس كىشىلەر سېپىمىزگە قوشۇلدى... ئۆزگىچە بىر نەرسىنى مانا مۇشۇنداق بەرپا قىلىسىز.»

## 8. «نېمىدىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلىش — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يادروسىدۇر.»

«تېلېفون بازىرى غايەت زور بازار. بىز بۇ بازاردىن ئۈلۈش ئېلىش ئۈچۈن رىقابەتلىشىشنى تاللىساق بولاتتى. ئەكسىچە، بىز مۇشكۈل بىر قارارنى چىقىرىپ، بۇ بازاردىن ۋاز كەچتۇق...

Nvidia نىڭ بۇرچى — ئادەتتىكى كومپيۇتېرلار ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان كومپيۇتېرلارنى ياساشتىن ئىبارەت. بىز بارلىق زېھنىمىزنى مۇشۇ تەسەۋۋۇرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بېغىشلىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ئىستراتېگىيەلىك چېكىنىشىمىز ئۆز مېۋىسىنى بەردى. تېلېفون بازىرىدىن چېكىنىپ چىقىش ئارقىلىق، بىز يېڭى بىر بازارنى يارىتىش ئۈچۈن تەپەككۇرىمىزنى ئاچتۇق. غايەت زور تېلېفون بازىرىدىن چېكىنىپ، نۆل مىليارد دوللارلىق (يېڭى) بىر بازارنى بەرپا قىلىش خەتەرلىك ئىدى، ئەمما بۇ ئۆز مېۋىسىنى بەردى.

ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن چېكىنىش ئاسان ئىش ئەمەس. ھالبۇكى ئىستراتېگىيەلىك چېكىنىش، قۇربان بېرىش ۋە نېمىدىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلىش — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يادروسىدۇر.»

## 9. «ئىستراتېگىيە قۇرۇق سۆز ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەتتۇر.»

جېنسېن بۇ سۆزنى NVIDIA نىڭ پېيى 100 دوللارغا چىققاندىن كېيىن ئېيتقان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان پاي باھاسى 11 ھەسسە ئۆستى:

«ئەگەر شىركەتنىڭ بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىرى تۇرۇقلۇق، خادىملارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئاشۇ ئىستراتېگىيەلەرگە ماس كەلمىسە، ئۇنداقتا ئۇلار پىلاننى ئىجرا قىلمىغان بولىدۇ.

شۇڭا، ئىستراتېگىيە مېنىڭ نېمە دېگەنلىكىم ئەمەس، بەلكى قول ئاستىمدىكى خادىملارنىڭ نېمە قىلغانلىقىدۇر. دەل شۇ سەۋەبلىك ھەممەيلەننىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مەن بۇنى كۆپچىلىكنىڭ ‹ئەڭ مۇھىم بەش ئىشى› نى ئىگىلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. بىلىشىڭىز كېرەككى، بىز رەسمىي خىزمەت دوكلاتى (status reports) غا تايانمايمىز. ئۇنىڭ ئورنىغا:

ئەگەر ماڭا ‹ئەڭ مۇھىم بەش ئىش› دەپ تېما قويۇلغان ئېلخەت ئەۋەتسىڭىز، مەن ئۇنى چوقۇم ئوقۇيمەن.

بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتا پەقەت سىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ مۇھىم بەش ئىشىڭىز — يەنى سىزنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىڭىز، قىلغانلىرىڭىز ياكى ئۆگەنگەنلىرىڭىز يېزىلىدۇ. مەن ھەر كۈنى ئەتىگىنى مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى تەخمىنەن يۈز پارچىدەكنى ئوقۇپ چىقىمەن.

بىز يەنە قەرەللىك پىلان تۈزۈش ئۇسۇلىنىمۇ قوللانمايمىز. دۇنيا دېگەن جانلىق، ھەر دەقىقە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مەۋجۇدات. شۇڭا بىز ئۇزۇنلۇكسىز پىلان تۈزىمىز. شۇڭا بىزدە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان دېگەن نەرسە يوق — بىزنىڭ پەقەت ئەمەلىيەتتە قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزلا بار.»

نۇرغۇن شىركەتلەردە، باشقۇرۇش قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى (CEO) غا يوللايدىغان ئۇچۇرلارنى كۆڭۈلدىكىدەك يېزىش ئۈچۈن (مەسىلەن، ئۇزۇن-ئۇزۇن خىزمەت دوكلاتلىرى ۋە سىلايتلارنى تەييارلاش ئۈچۈن) ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. جېنسېننىڭ ھەر قانداق بىر خىزمەتچى يوللىغان خىزمەت ئەھۋالىنى ئوقۇشقا رازى بولغانلىقى مېنى بەك قايىل قىلدى.

**10. «مەن سىلەرگە يېتەرلىك مىقداردا ئازاب ۋە ئوقۇبەت تىلەيمەن».**

بۇ — مېنىڭ سىلەرگە بۈيۈكلۈك تىلىشىمدىكى ئۆزگىچە ئۇسۇلۇمدۇر.

«كىشىلەردە، كەسىپ تاللىغاندا قىزىقىشنى ئاساس قىلىش كېرەك، دېگەن بىر قاراش بار. ئادەتتە، كىشىلەر قىزغىنلىق بىلەن خۇشاللىقنى ئۆزئارا تەڭلەشتۈرۈۋالىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردە بىر نەرسە كەم. ئەگەر سىز بۈيۈك بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز، بۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. سىز قىيىن بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چېغىڭىزدا، ھەممىشە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىپ كەتمەسلىكىڭىز مۇمكىن. مەن خىزمىتىمنىڭ ھەر بىر كۈنىنى ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن، ئەمما بۇ شىركەتنى ھەر بىر دەقىقە سۆيىمەن.

شۇڭا، مېنىڭچە كىشىلەر ‹ئەڭ ياخشى خىزمەت دېگەن — ئىنسانغا ھەممىشە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان خىزمەتتۇر› دەپ خاتا چۈشىنىۋالغان. مەن بۇنى توغرا دەپ قارىمايمەن. سىز چوقۇم ئازاب چېكىشىڭىز، كۈرەش قىلىشىڭىز ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىڭىزنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم شۇ قىيىن ئىشلارنى قىلىشىڭىز ۋە ئۇلارنى بېشىپ ئۆتۈشىڭىز لازىم».

«قىزىقىشىڭىزنىڭ كەينىگە كىرىش» دېگەن سۆزنى «سىز ياخشى كۆرىدىغان جاپا-مۇشەققەتنى تاللاش» دەپ ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش كېرەك. ئەگەر بۈيۈك بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز، جاپا-مۇشەققەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز.

**11.«تەلەيلىك كىشىلەرنىڭ چىدامچانلىقى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ.»**

ئەپسۇسكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا چىدامچانلىق ئىنتايىن مۇھىم.

مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھېچقانداق خىزمەت مېنىڭ مەرتىۋەمدىن تۆۋەن ئەمەس. چۈنكى ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مەن ئىلگىرى قاچا-قۇچا يۇيغان، ھاجەتخانا تازىلىغان. مەن ناھايىتى كۆپ ھاجەتخانا تازىلىغان. مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلار تازىلىغاننى قوشقاندىنمۇ كۆپ ھاجەتخانا تازىلىغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى... كۆز ئالدىمدىن ھېچ كەتمەيدۇ. سىلەرگە نېمە دەي، ھايات دېگەن شۇنداق بولىدۇ.

بۇ — مۇتلەق ھەقىقەت. مەن داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ھەممە پەنلەردىن ئەلا ئالغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ، رېئال جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندا قىينىلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر — مەغلۇبىيەتكە ئەڭ تەمكىن مۇئامىلە قىلالايدىغان كىشىلەردۇر. مەن باللىرىمغا مەغلۇبىيەت توغرىسىدا تەلىم بېرىشكە تىرىشىۋاتىمەن.

**12.«مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنەلەيدىغان ۋە ياردەم سورىيالايدىغان كەمتەرلىككە ئىگە بولۇڭ».**

«مەن Sega شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزنىڭ خاتا يۆنىلىشتە ئىكەنلىكىنى، Sega نىڭ چوقۇم باشقا بىر ھەمراھ تېپىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردۈم.

بىز توختاشقا مەجبۇر ئىدۇق. ئەمما مەن Sega نىڭ بىزگە پۇلنى تولۇق تۆلەپ بېرىشىگە مۇھتاج ئىدىم، بولمىسا NVIDIA ۋەيران بولاتتى. مەن بۇنى تىلغا ئېلىشتىن خىجىل بولدۇم.

Sega نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى، كىشىنى قايىل قىلىدىغان ۋە مېنى ھەيران قالدۇرغان ھالدا بۇ تەلەپكە قوشۇلدى.

ئۇنىڭ چۈشىنىشى ۋە مەردلىكى بىزگە يەنە ئالتە ئاي ياشاش پۇرسىتى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز Riva 128 نى ياساپ چىقتۇق. پۇلىمىز تۈگەي دەپ قالغاندا، Riva 128 ئەمدىلا گۈللىنىۋاتقان 3D بازىرىنى زىلزىلىگە سالدى، نامىمىزنى چىقاردى ۋە شىركەتنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

خاتالىقىمىزغا يۈزلىنىش ۋە كەمتەرلىك بىلەن ياردەم سوراش NVIDIA نى قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ خىسلەتلەر — ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئىشتۇر.»

ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ياردەم سوراش — ھەقىقىي رەھبەرلىك كەمتەرلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ھەممىمىز كۆپرەك ياردەم سورىشىمىز، شۇنداقلا ئەتراپىمىزدىكى ياردەمگە موھتاج كىشىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

**13. «ياكى ئوزۇق تېپىش ئۈچۈن يۈگۈرىسەن، ياكى ئۆزۈڭ ئوزۇق بولىسەن».**

جېنسېن ۋىيېتنامدا كىشىلەرگە مۇنداق دېگەن: «ماشاڭلار، يۈگۈرۈڭلار. سىلەر يا ئوزۇق تېپىش ئۈچۈن يۈگۈرۈۋاتقان بولىسىلەر، ياكى ئوزۇق بولۇپ قېلىشتىن قېچىپ يۈگۈرۈۋاتقان بولىسىلەر.»

«سىز بىرەر ئىشنى قىلىشنى تاللىشىڭىز كېرەك. مەيلى خاراكتېرىڭىزدىكى ئالاھىدىلىكلەر ياكى كەسپىي ماھارىتىڭىز بولسۇن، ياكى ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر بولسۇن، ۋەياكى كۆزقارىشىڭىز بولسۇن، ئىشقىلىپ سىز مەلۇم جەھەتتىن نېمىگە تەقدىر قىلىنغان بولسىڭىز، (شۇنى تاللىشىڭىز كېرەك).»

«سىز ئۆزىڭىزگە تەقدىر قىلىنغان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى چوقۇم قىزغىن سۆيۈشىڭىز كېرەك. گەرچە (بۇ جەرياندىكى) ئازاب ـ ئوقۇبەت بەكلا ئېغىر بولسىمۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كىشىلەر —— ئاقىۋەتتە ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغانلاردۇر».

ئاندى جونس (Intel نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى) ئېيتقانىدەك: «پەقەت ۋەھىمە سالغۇچىلارلا ھايات قالىدۇ!»

## 14. «خىزمەت قىلمىغان ۋاقتىمدىمۇ، خىزمەتنى ئويلاۋاتقان بولىمەن.»

«مېنىڭچە مېنىڭ خىزمەت بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقۇم ناھايىتى ياخشى. مەن ھەپتىدە يەتتە كۈن، ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرغاندىن تارتىپ كەچتە ئۇخلىغىچە ئىشلەيمەن. خىزمەت قىلمىغان ۋاقتىمدىمۇ، خىزمەتنى ئويلايمەن.

شۇڭا مەن كىنو ـ فىلىملەرنى باشتىن ـ ئاخىر تولۇق كۆرگەن تەقدىردىمۇ، مەزمۇنىنى ئەسلىيەلمەيمەن. چۈنكى مەن (كىنو كۆرۈۋاتقاندىمۇ) خىزمەت توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقان بولىمەن. مەن شىركەتنىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلايمەن. بىز تېخىمۇ ياخشى قىلالايدىغان ئىشلار بارمۇ ـ يوق، دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن. مەن غايەمگە يېتىشكە ۋە ۋاقتىمنى شۇنىڭغا ماس ھالدا باشقۇرۇشقا تىرىشىمەن.»

شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئەگەر سىز ئۆمۈرلۈك ئىشىڭىز (غايىڭىز) بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنى ھەر ۋاقىت ئويلاشتىن ئۆزىڭىزنى تارتالمايسىز.

## 15. «ئۆمۈرلۈك ئىشىمنى قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقتىم بار.»

«مەن بىر باغۋەننى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئۇ باغۋەننىڭ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، بامبۇك قىسقۇچ بىلەن مۈكىلارنى ئېھتىيات بىلەن تېرىپ، بامبۇك سېۋەتكە سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ «نېمە قىلىۋاتىسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ «مەن ئۆلۈك مۈكىلارنى تېرىۋاتىمەن. بېغىمنى پەرۋىش قىلىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن «بېغىڭىز بەكلا چوڭ تۇرسا» دېدىم. ئۇ «مەن بۇ بېغىمنى 25 يىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتىمەن» دېدى.

«دەرۋەقە، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا ئالغان ئەڭ چوڭقۇر ساۋاقلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ باغۇەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ھۈنىرىگە بېرىلگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى قىلىۋاتقان ئىدى. سىزمۇ شۇنداق قىلسىڭىز، سىزدە يېتەرلىك ۋاقىت بولىدۇ. مەن ھەر ئەتىگەننى ئوخشاش ئۇسۇلدا باشلايمەن: يەنى ئەڭ مۇھىم، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان خىزمىتىمنى ئەڭ ئاۋۋال قىلىمەن. مەن تېخى خىزمەت ئورنۇمغا يېتىپ بارماستىنلا، شۇ كۈنلۈم ئاللىبۇرۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولىدۇ. چۈنكى مەن ئەڭ مۇھىم خىزمىتىمنى تاماملاپ بولغان بولىمەن. شۇنىڭ بىلەن كۈنۈمنىڭ قالغان قىسمىنى باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە سەرپ قىلالايمەن.»

جېنسېننىڭ بۇ ھېكايىسى ئۆز ئىشىنى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ، شۇنداقلا ئۆزۈن مۇددەتلىك نىشانلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

## خۇلاسە

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، جېنسېن يېقىندا كالتېكتا (Caltech) سۆزلىگەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش نۇتۇقىدا، ئۆزىنىڭ ھايات ۋە خىزمەت پرىنسىپلىرىنى ناھايىتى ياخشى يىغىنچاقلاپ بەردى دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا:

«ئادەتتىن تاشقىرى ۋە تېخى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئىشىنىڭ، ئەمما بۇ ئىشەنچىڭىز بىلىم - مەلۇماتقا ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئاساسلانغان بولسۇن. ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئاتلىنىڭ. ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭى پۇرسەت دەپ بىلىڭ. سىز تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەت — سىزنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچىڭىزدۇر. مەن قەدىرلەيدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئەقىل - پاراسەت تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىدا تۇرمايدۇ. ئازاب - ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىش، مەلۇم ئىش ئۈستىدە ئىنتايىن ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەش، ئوڭۇشسىزلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە (مۇۋەپپەقىيەت) پۇرسىتىنىڭ دەل كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرەلەش، مانا بۇلارنى ئۆزۈمنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلىرىم دەپ قارايمەن. بۇلارنىڭ سىزنىڭمۇ كۈچ - قۇدرىتىڭىزگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىرەر ھۈنەر ياكى كەسىپ بەلگىلەڭ. بۇنى تۈنجى كۈنىلا قارار قىلىش مۇھىم ئەمەس. ھەتتا تېز ئارىدا قارار قىلىشمۇ مۇھىم ئەمەس. ئەمما سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىزنى ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بېغىشلايدىغان ۋە ئۆمۈرلۈك ئىشىڭىزغا ئايلىنىدىغان بىرەر ھۈنەرنى تېپىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھاياتىڭىزنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇڭ. ئەتراپىتا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ، قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. ئەگەر سىز ھاياتىڭىزنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرسىڭىز، سىزدە مۇھىم ئىشلارنى قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولىدۇ.»

«مەن سىزنىڭ بۇ پرىنسىپلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئۆمرىلۈك ئىشىڭىزنى تېپىپ چىقىشىڭىزنى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://creatoreconomy.so/p/15-life-and-work-principles-from-jensen

تارىخ ۋە بىز



# ساۋ قالغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇيغۇرلار

ئەركىن سىدىق

# ساق قالغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇيغۇرلار

دوكتور ئەركىن سىدىق

(2025 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)

يېقىنقى ئون يىلدەك ۋاقىت جەريانىدا ئۇيغۇر مىللىتى خىتاي كومپارتىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى. مۇشۇنداق ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش ۋە تەبىئىي ئاپەتكە ئوخشاش چوڭ ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ۋە راك كېسىلىگە ئوخشاش ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ھايات قالىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا ساق ياكى ھايات قېلىپلا قالماي، يۇقىرىقىدەك سۇنئىي ۋە تەبىئىي بالايىئاپەتلەرنى، ياكى يامان تەقدىرلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ كۆيۈمچان ۋە تېخىمۇ ئىرادىلىك كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ساق قالغان كىشىلەر يامان تەقدىرگە دۇچ كېلىپ، پسىخولوگىيە ۋە ئەقىل جەھەتتىن بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك ئىنسانغا ئايلانغان كىشىلەردۇر.

ساق قالالىغان ۋە ساق قالالايدىغان كىشىلەر بىر تۈرلۈك ئالاھىدە مىجەز - خاراكتېرگە، يەنى «ساق قالغۇچىلار خاراكتېرى» گە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق خاراكتېرنىڭ بىر قىسمى تۇغما بولىدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا تۇغۇلغاندىن كېيىن يېتىلدۈرۈلگەن ۋە كۈچەيتىلگەن بولىدۇ.

## ساق قالغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى

كىرىزىس يۈز بەرگەندە كۆپىنچە كىشىلەر ئالاقزەدە بولۇپ كېتىدۇ، ياكى بولمىسا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېپىرلايدۇ. ئەمما ساق قالغۇچىلار ئۆز ئەھۋالىنى توغرا كۆزىتىپ، ئېنىقسىزلىقلارنى مۇۋاپىق چۈشىنىپ، ھېسسىياتىنى كونترول قىلىدۇ ۋە ئىجابىي يول تۇتىدۇ. ئۇلار باش ئەگمەسلىك ۋە يېڭىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ يېڭى بىر بالدىقىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ساق قالغۇچىلاردا مۇنداق مۇھىم ئالاھىدىلىك ۋە روھىي ئادەتلەر بار بولىدۇ:

ئەھۋالنى ئېنىق چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا رېئالىستىك بولۇش. يەنى تەھدىتنى ئىنكار قىلماي ئۇنى تولۇق تونۇپ يېتىش.

ھېسسىياتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش. يەنى ۋەھىمە، غەزەپ ۋە ھەسرەتكە باش ئەگمەي، ئۇلارغا چىداش.

ماسلىشىشچان ۋە ئىجادكار بولۇش. يەنى ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان شارائىتقا ماسلىشىش.

مەقسەتنى ۋە مەنىنى ئېنىق بىلىش. يەنى قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ يېڭى نىشانىنى تېپىش ياكى يېڭى مەسئۇلىيەت تۇرغۇزۇش.

ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش. يەنى ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرماي، باشقىلاردىن ياردەم سوراش ۋە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشى ساقلاش

بۇلاردىن باشقا، ساق قالغۇچىلار مەسىلىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەيدۇ، ياكى ئالدىن ئويلىنىپ، تەييارلىق قىلىدۇ. ئەڭ ناچار ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە تەييارلىق قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە ئۈمىد باغلايدۇ، ياكى ھەم ئۈمىدۋار بولۇپ، ھەم ئېھتىياتچان بولىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ، ياكى ئوڭۇشسىزلىقنى يېڭى پەللىگە ئۆرلەشنىڭ بىر خىل پۇرسىتى دەپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

ساق قالغۇچىلارنىڭ بەزى خاراكتېرى تۇغما بولىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئوقۇش، بۇرۇنقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

## ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار 2014 - يىلدىن باشلاپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىر قىسمى لاگېرلارغا سولىنىپ قىين - قىستاققا ئۇچرىدى، قاتتىق

نازارەتكە ئېلىندى. بالىلار ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىلدى. ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي كىملىكى يوق قىلىندى. دىياسپورادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ساق قېلىش يېڭى بىر خىل ئۇقۇم بېرىدىغان بولدى. ئۇ بولسىمۇ، ئاتا - ئانا ۋە يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھازىر بار - يوقلۇقىنى، بار بولسا قانداقراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ياشاش، كوللېكتىپ ھالدا قايغۇغا پېتىش، ھەمدە ئادالەت ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىش قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار ساق قالالىغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىگە بۇرۇنقى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا بەكرەك ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. يەنى، ھازىر چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر پاجىئەگە چىداشقا مەجبۇرلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتنى كۆچكە ئايلاندۇرۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلدى.

ساق قالغۇچىلار ئەھۋالنى توغرا مۆلچەرلەش، ھېسسىياتنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش، ماسلىشىشچان بولۇش، ئېنىق مەقسەتكە ئىگە بولۇش ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن كۈچلۈك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇش قاتارلىق پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغما سۈپەتلەر بولماستىن، ئۇلارنى كىشىلەر ئۆز ھاياتى جەريانىدا يېتىلدۈرەلەيدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىدە ئاشۇنداق مىجەز - خاراكتېرلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىنى ساغلاملاشتۇرالايدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكەتلىرىگىمۇ ياردەم قىلالايدۇ.

### ئەھۋالنى توغرا مۆلچەرلەش ۋە رېئالىستىك بولۇش

ساق قالغۇچىلار بولۇۋاتقان ئەھۋالنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۆمىدسىزلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولماستىن تۇرۇپ ئەينەن كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان غايەت زور زىيانلارنى ئەينەن چۈشىنىش تولىمۇ مۇھىم. بېشىمىزغا كەلگەن ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بىخەتەر ئورۇنلاردا باشقىلارغا ئېيتىش، يېزىقچىلىق ۋە ئەدەبىيات ئارقىلىق، ھەمدە جامائەت ئىچىدە ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق سۆكۈت ئىچىدە تارتىۋاتقان ئازابنى ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندۇرالايمىز. رېئاللىققا ئەينەن يۈزلىنىش ئارقىلىق ھاياتنى ئامالسىزلىق ئىچىدە ئىسراپ قىلىشنى ئاقلانىلىك بىلەن ئىش كۆرۈشكە ئۆزگەرتەلەيمىز.

### ھېسسىياتنى تەڭشەش

ساق قالغۇچلارمۇ ئەندىشە قىلىدۇ، غەزەپلىنىدۇ ۋە ھەسرەت چېكىدۇ. ئەمما ئاشۇنداق ھېسسىياتلار تەرىپىدىن پالەچ ئادەمگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئۆز - ئۆزىدىن خەۋەر ئېلىش ھەرگىزمۇ شەخسىيەتچىلىك بولماستىن، بەلكى قارشىلىق كۆرسىتىش تەدبىرلىرىنىڭ بىرسى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئېھتىياتچانلىقنى تەكرارلاش، روھىي جەھەتتىن داۋالىنىش، دۇئا - ئىبادەت قىلىش ۋە كۆڭلىنى ئىجابىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەش ئارقىلىق ئەندىشە، غەزەب ۋە ھەسرەت قاتارلىق كۈچلۈك سەلبىي ھېسسىياتلارنى ئېنىق چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرالايدۇ. ئۆزىنى ساغلاملاشتۇرالىغان كىشلەر باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ كۈچەيتىدۇ.

## ماسلىششچانلىق ۋە ئىجادچانلىق

چەت ئەللەردە ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تارقالغان ئۇيغۇرلار يېڭى تىل، يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى سىياسىي تۈزۈمگە ماسلىششى كېرەك. ساق قالغۇچىلار ئۆزگىرىشنى ئۆزلىرى ئۇچۇن پايدىلىق نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ماسلىششچانلىقنى ئالىي مەكتەپ، تېخنولوگىيە ساھەسى، مېدىيا ۋە سىياسىي ئىنستىتۇتلاردا كۈچلۈك كىشىلىك مۇناسىۋەت تورلىرىنى بەرپا قىلىش قابىلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، سۈرگۈندە خەلق بولۇپ ياشاش ھالىتىنى لوبىيچىلىق قىلىش ۋە مەدەنىيەتتە قايتىدىن گۈللىنىش سەھنىسىگە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

## ئىشنىڭ مەقستى ۋە مەنىسى

ساق قالغۇچىلار ئازاب - ئوقۇبەتتىنمۇ قىممەت ۋە مەنە تاپىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشى ئۇلارنى چىدىغۇسىز زىيانلارغا بەرداشلىق بېرىشتىكى مەقسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. باللىرىغا ئانا تىل ئۆگىتىش، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلەرنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش، پائالىيەتچىلەرنى قوللاش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن دۇنيا جامائەتىنى خەۋەرلەندۈرۈش قاتارلىق ئىشلار چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەسرىتىنى ۋەتەندە ۋەيران قىلىنغان خەلقنى شەرەپلەندۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغۋار بۇرچ ۋە ۋەزىپىگە ئايلاندۇرىدۇ.

## ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر

ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرۇش قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ دۈشمىنى. ساق قالغۇچىلار باشقىلاردىن ياردەم سورايدۇ ۋە ئەتراپىدىكىلەردە ئىشەنچ تىكلەيدۇ. ئۇيغۇرلار دىياسپورادىكى تەشكىلاتلار، ياشلارنى يېتەكلەش گۇرۇپپىلىرى ۋە روھىي جەھەتتىن ياردەم قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن چوقۇم يۇكسەك بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. بىرلىك يالغۇز شەخسلەردىكى يارا ۋە زەخىملەرنى ساقايتىپلا قالماي، ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ كوللېكتىپ ئاۋازىنى كۈچەيتىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز




ئاپتور ۋە ئۇنىڭ كىتابى

ئامېرىكىدا 1934- 2009 - يىللىرى ياشىغان بىر پسىخولوگ، مائارىپچى ۋە تەتقىقاتچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەل سىئىبېرت (Al Siebert). سىئىبېرت ئەپەندى كىشىلەرنىڭ ئوڭۇشسىزلىقتا باش ئەگمەسلىك ۋە ھەسرەت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ داۋاملىق يۇقىرىغا ئۆرلەش ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە «ساق قالغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى» (The Survivor Personality) دېگەن بىر كىتابمۇ بار. مېنىڭ مەزكۇر يازمىدا بايان قىلغىنىم ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ كىتابتىن ئالغان چۈشەنچەم ۋە ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن تەسىراتلىرىمدىن ئىبارەت. ساق ياكى ھايات قېلىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ پاسسىپ ھالدا ياشاشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدىمۇ ئۆزىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچلەندۈرۈپ ياشاشنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق ئاكتىپ ياشاپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ مېڭىۋاتىدۇ. يەنى، كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ھازىر زۇلۇم ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنى ئاكتىپ ھالدا كۈچلەندۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىرقىدەك بىر ھالقىلىق دەۋردە، دىياسپورادىكى

ئۇيغۇرلار ۋەزىيەتنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىش، ھېسسىيات ۋە روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش، ماسلىششچان بولۇش، ھازىرقى ھاياتتىن مەنە تېپىش ۋە باشقىلار بىلەن كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى ساقلاپ، ئادالەت ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش يولىدىكى كۈرەشنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ. باشقىلارنىڭ روھىي يارىسىنى ساقايتىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش يولىدا قىلغان ھەر بىر ياخشى ئەمەل ئۇيغۇر مىللىتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ئالغان بىر ئىجابىي قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقىدەك شارائىتتا ساق ياكى ھايات قالالايدىغان ھەربىر ئۇيغۇر ۋەتەننى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى ئۈمىد مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان بىر ئۇيغۇر قەھرىمانى ھېسابلىنىدۇ.




# تۇخۇمدىكى ئاجايىباتلار

سەفا سايگىللى

# تۇخۇمدىكى ئاجايىباتلار

پىروفېسسور، دوكتور سەفا سايگىلى

تۇخۇم — چىشى جانلىقنىڭ بەدىنىدە شەكىللىنىدىغان، تۇخۇملاش ۋە ئۇرۇقلىنىشتىن كېيىن ئۆز تۈرىدىكى يەنە بىر جانلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھۈجەيرىدۇر. چىشى ھايۋانلار، بولۇپمۇ قۇشلار، يەر بېغىرلىغۇچىلار ۋە بېلىقلار تۆرەلمىنى قوغداش مەقسىتىدە تۇغىدىغان، يۇمىلاق ۋە تۇخۇمسىمان شەكىلگە ئىگە جىسىم «تۇخۇم» دەپ ئاتىلىدۇ.

بارلىق ھايۋانلار مىكروسكوپلۇق يەككە «تۇخۇم ھۈجەيرىسى»دىن شەكىللىنىدۇ.

تۇخۇملايدىغان جانلىقلاردا، رەببىمىز بۇ قىممەتلىك ھۈجەيرىنى ئانا تېنىنىڭ سىرتىدا قوغداش، يېتىلدۈرۈش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە بىر قۇرۇلمىدا ياراتقان. بۇ يەككە تۇخۇم ھۈجەيرىسى، تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئىچىدە «تۆرەلمە» (ئېمبرىيون) دەپ ئاتىلىدىغان، تېخى تۇغۇلمىغان بىر تۈزۈلۈشكە ئايلىنىدۇ. بۇ ھۈجەيرىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەتراپى «ئالبۇمىن» دەپ ئاتىلىدىغان، يېپىشقاق بىر خىل سۇيۇقلۇق بىلەن (يەنى تۇخۇم ئېقى بىلەن) قاپلانغان بولىدۇ. تۇخۇمنى تاشقى ئامىللاردىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سىرتىنى بىر قەۋەت شاكال ئوراپ تۇرىدۇ. تۆرەلمىنىڭ يېتىلىشى جەريانىدا ئىشلىتىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرى تۇخۇمنىڭ «تۇخۇم سېرىقى» دەپ ئاتىلىدىغان قىسمىغا توپلانغان بولىدۇ.

تۇخۇمنىڭ شەكلى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى ئۇنىڭ ئىچىدە يېتىلىۋاتقان جانلىقنىڭ تۈرى ۋە ئېھتىياجلىرىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. بىر تۆرەلمىنىڭ تۇخۇم ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتى بىر قانچە كۈن ياكى بىر قانچە ئاي داۋاملىشىشى مۇمكىن بولۇپ، ئوخشىمىغان ھايۋانلار تۇخۇملىرىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن قوغدايدۇ.

كۆپىنچە تۇخۇملار، بولۇپمۇ قۇش تۇخۇملىرى ئانا تېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن چوقۇم ئىسسىق ساقلىنىشى كېرەك. شۇڭا، ئاتا - ئانىسىدىن بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى ئۇۋىدا نۆۋەت بىلەن تۇخۇملارنى بېسىپ ياتىدۇ. بۇ جەريان «تۇخۇم بېسىش» (كۈرك يېتىش) دەپ ئاتىلىدۇ. دەل مۇشۇ يەردە شۇنداق سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ: بۇ ئەقىلسىز جانلىقلار تۇخۇملىرىنىڭ سوۋۇپ كەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى ئويلاپ يېتەلەمدۇ؟ بۇنىڭغا نىسبەتەن، ئەسلىدە ھېچقانداق نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان «تەبىئىي تۈيغۇ» (ئىچكى تۈرتكە) دەپلا

نام بېرىش — بۇ مەسىلىنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلىك بولامدۇ؟ بۇ يەردە مەزكۇر ئەقىلسىز جانلىقلارنىڭ ئاشكارا بىر يېتەكلەش ئاستىدا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇرسا، بۇ ھالنى «ئىلاھىي ئىلھام» دېمەسلىك ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرۇش — كائىناتنى چۈشەنگەنلىك ھېسابلىنامدۇ؟

تۇخۇمنىڭ ئەگمە قۇرۇلمىسى بېسىمنىڭ تۇخۇم يۈزىگە تەكشى تارقىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، شۇڭا تۇخۇمنىڭ ئانىسى ياكى دادىسى ھەممە ئېغىرلىقى بىلەن تۇخۇمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسىمۇ تۇخۇم چېقىلمايدۇ. چۈنكى تۇخۇم — يەر يۈزىدىكى مۇستەھكەملىكى ئەڭ يۇقىرى جىسىملارنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن، تۇخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلى ئىنتايىن نېپىز بولسىمۇ، لېكىن شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ شاكىلىدىن كۈتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە غايەت زور مۇستەھكەملىككە ئىگە. بۇنىڭ سىرى — ئۇنىڭ ئۈچ ئۆلچەملىك ئەگمە شەكلىدە يوشۇرۇنغاندۇر. راۋاق شەكلى بېسىمنىڭ يەككە بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن شاكالغا تارقىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. مۇشۇ شەكلى سەۋەبىدىن، تۇخۇم بەش كىلوگىرام ئېغىرلىق بېسىمى ئاستىدىمۇ چېقىلمايدۇ.
تونېل ۋە كۆۋرۈكلەردىكى ئەگرىلىكمۇ دەل مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە رول ئوينايدۇ. لېكىن يەككە بىر نۇقتىدىن بېرىلگەن زەربە (مەسىلەن، تۇخۇم ئىچىدىكى تۇغۇلۇش ۋاقتى كەلگەن چۈجىنىڭ تۇمشۇقى بىلەن تۇخۇمنى چوقۇشى) شاكالنىڭ ئاسانلا چېقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۇخۇمنىڭ شەكلىمۇ تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئاجايىپتۇر. چۈنكى، بۇ شەكىل — بىر تۈرلەمنى بېسىپ يېتىلدۈرۈشكە يەتكۈدەك دەرىجىدە چوڭ، ھايۋانىنىڭ تېنىدىن ئوڭاي چىققۇدەك دەرىجىدە كىچىكتۇر. ئۇ بىر قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن دومىلاپ كەتمەيدۇ ۋە خېلىلا مۇستەھكەمدۇر. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇتەخەسسىسلەر تۇخۇمنىڭ شەكلىگە «مۇكەممەل شەكىل» دەپ نام بېرىشكەن.

تۇخۇمنىڭ سىممېترىك بولمىغان كونۇسسىمان شەكلىدە يارىتىلغانلىقىنىڭمۇ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرى بار. تۇخۇم تۈز يەردە قول بىلەن ئىتتىرىلگەندە، قايتىدىن ئارقىغا قايتىدۇ. سىممېترىك بولمىغان كونۇسسىمان شەكلى تۈپەيلىدىن، ئۇ ئۇچلۇق تەرىپىنى مەركەز قىلىپ چەمبەر سىزىدۇ ۋە ئاخىردا ئۇچلۇق تەرىپى يۇقىرىغا قارىغان ھالەتتە ھەرىكىتىنى توختىتىدۇ. تۇخۇمنىڭ شەكلى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنىڭ (يۆتكىلىشچانلىقىنىڭ) چەكلىمىگە ئۇچرىشى — ھايۋانلار نەسلىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن ھاياتى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇۋىلىرىنى تىك قىيالارغا سالىدىغان قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرى، ئۇۋىلىرىنى تۈز يەرگە سالىدىغان قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ سوقچاق شەكىلدە يارىتىلغان. بۇ پەرق ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى بىر تۇخۇم قانچىكى سوقچاق بولسا، ئۇنىڭ ئۇۋىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. تىك يانتۇلۇقتا ئۇۋا سالىدىغان قۇشنىڭ تۇخۇمى ئورنىدىن مىدىرلاپ كەتسىمۇ، نورمال تۇخۇملارغا قارىغاندا تېخىمۇ سوقچاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن تار بىر چەمبەر سىزىدۇ ۋە ئۇۋىدىن چۈشۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى تۆۋەن بولىدۇ.

ئەگەر تۇخۇمنىڭ شەكلى هازىرقىدەك ئەگمە (سىلىق) شەكىلدە ئەمەس، بەلكى قىرلىق بولغان بولسا، ئۇنىڭ قىرلىرى مۇستەھكەملىك جەھەتتە ناھايىتى ئاجىز بولاتتى. ئەڭ مۇستەھكەم گېئومېترىيەلىك شەكىل — شاردۇر، ئەمما بۇ شەكىلدىكى تۇخۇم دومىلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ قەيەردە توختايدىغانلىقى ئېنىق بولمايتتى.

ھالبۇكى، تۇخۇم بىز بىلىدىغان شەكلى بىلەن دومىلىغاندا تۈز سىزىقلىق دومىلىمايدۇ. ئۇ ئىنچىكە تەرىپىنى مەركەز قىلىپ چەمبەر سىزىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. باشلانغان يەرگە يېقىن بىر نۇقتىدا توختايدۇ. يەنى تۈز يەردە ئۇنىڭ دومىلىغانچە ئۇزاقلاپ كېتىشى ئەمەس. بۇ — ئانا جانلىق ئۈچۈن بىر رەھمەتتۇر.

تۇخۇمنى تەكشۈرگەن تەتقىقاتچىلار، ئۇنىڭ شەكلىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىر ماتېماتىكىلىق فورمۇلىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ فورمۇلا تۆت پارامېتىرغا ئاساسلىنىدۇ: تۇخۇم ئۇزۇنلۇقى، ئەڭ چوڭ كەڭلىك، تىك ئوق ۋە تۇخۇم ئۇزۇنلۇقىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىكى دىئامېتىرى.

تەتقىقاتچىلار «بۇ ماتېماتىكىلىق تەڭلىمە — ماتېماتىكا بىلەن بىئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم بىر پەلسەپىۋى ئۇيغۇنلۇقنى چۈشەنگەنلىكىمىزنى ۋە ئۇنى تەقدىرلەيدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا بۇ — كائىناتىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىلىشىگە قاراپ ماڭىدىغان بىر يولدۇر» دېيىشىدۇ.

تۇخۇم ئەلۋەتتە ناھايىتى لەززەتلىك ۋە تويغۇزىدىغان يېمەكلىكتۇر. تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرى سەۋەبىدىن كىشىنى ئۇزاق ۋاقىت توق تۇتىدۇ. ئەمما، تۇخۇم پەقەتلا تۇخۇم ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەڭ زور ئىنژېنېرلىق سەنئىتى مۆجىزىلىرىنىڭ بىرىدۇر... ھەر بىر تۇخۇم ماتېماتىكىلىق فورمۇلا بىلەن، مەلۇم ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ۋە ئالاھىدە يارىتىلىدۇ. ئاللاھ ھەر بىر ياراتقان نەرسىسىنى نېمانچە گۈزەل ۋە مۇكەممەل يارىتىدۇ - ھە!

تۈركچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.zaferdergisi.com/makale/15121-sadece-yumurta-degil-mukemmel-bir-muhendislik-harikasi.html



# ئامېرىكانىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېڭى يولى

پېتر چىر

# ئامېرىكانىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېڭى يولى

پېتىر چىر

يېقىندا خىتاي بىلەن تۈزۈلىدىغان سودا كېلىشىمىنىڭ ئاساسىي رامكىسى ئېلان قىلىنىدى. باشقا دۆلەتلەر بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەرمۇ ئاشكارىلاندى. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، بۇ كېلىشىملەر «بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش» نىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈردى.

بۇ بىزگە كېيىنكى نۆۋەتلىك سۆھبەتتە ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئېنىق ۋاقىت پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. (بۇ ھال خىتاي ئۈچۈنمۇ ھەم شۇنداق.)

خىتايغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئاجىز نۇقتىلار ۋە خەتەرلىك تەرەپلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئامېرىكا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا:

ئۆزەك مەسىلىسى: ئامېرىكاغا كېلىدىغان ئۆزەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەيۋەندىن كېلىدۇ. تەيۋەن بىلەن بۇ جەھەتتىكى سودىغا خىتاينىڭ زىيان سېلىش مۇمكىنچىلىكى بار.

دورا تەمىناتى: دورىلىرىمىزنىڭ ئاساسىي تەركىبلىرىنىڭ، بولۇپمۇ خام ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي ۋە ھىندىستاندىن كېلىدۇ.

سەيرەك تۇپا ۋە مۇھىم مىنېراللار: پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ۋە ساپلاشتۇرۇلغان سەيرەك تۇپا ۋە مۇھىم مىنېراللار.

ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىشلەپچىقىرىش: يېڭى ئەۋلاد تېخنولوگىيە يېڭىلىقلىرىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بىزگە يېتەرلىك ئېلېكتېر ئېنېرگىيەسى لازىم.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىدا ESG ئۇقۇمىنىڭ ئورنىنى ProSec ئۇقۇمى ئالىدۇ.

(«ESG» — مۇھىتنى قوغدايمىز دەپ، ئامېرىكادىك زاۋۇتلارنى تاقاپ باشقا ئەرزان ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەرگە يۆتكەشنى كۆرسىتىدۇ. «ProSec» — ئامېرىكانىڭ ئەمدى شىركەتلەردىن «مۇھىتنى قوغداش» ياكى «ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت»نىلا تەلەپ قىلىپ ئولتۇرماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ مىللىي بىخەتەرلىكى

ئۇچۇن مۇھىم بولغان نەرسىلەرنى (ئوزۇق، دورا، ئېنېرگىيە) ئۆز تۇپرىقىدا ئىشلەپچىقىرىشقا، يەنى خىتايغا بولغان بېقىنىشنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشنى كۈچەيتىشنى كۆرسىتىدۇ. - ت)

قىسقىچە ئىككى تۈرلۈك قوشۇمچە قاراش:

ياۋروپا بۇ نۇقتىنى تېخىچە چۈشىنىپ يەتكىنى يوق. ياۋروپا ESG ئۇقۇمىغا شۇقەدەر مەھلىيا بولۇپ كەتكەنكى، ئۇلارنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك تاۋارلارنىڭ باشقا جايلاردا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دۆلەتكە زىيان ئېلىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشىگە ئۇزۇن زامان بارىدەك تۇرىدۇ.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئالتۇن زاپىسىنىڭ بىر قىسمىنى رەقەملىك زاپاسقا ئايلاندۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بۇنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، مەن بۇنى ئالتۇننىڭ بىر قىسمىنى «ProSec» (بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئۆزىمىز ئىشلەپچىقىرىش) دائىرىسىدىكى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش سۆھبىتىنىڭ باشلىنىشى دەپمۇ قارايمەن. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ — مەبلەغنى مۇشۇ ساھەدىكى پاي - چەكلەرگە تەقسىملەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. بۇ، «لاتارىيە بېلىتى» تىپىدىكى (يەنى خەتىرى چوڭ، پايدىسىمۇ يۇقىرى) مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن سىرت، يەنە دۆلەتنىڭ يادرولۇق كارخانىلىرىغا تېخىمۇ زور كۆلەمدە مەبلەغ سېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

بىز ھەممىمىز بۇ كېلىشىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشقا تىرىشىمىز، ئەمما ئەگەر بۇ كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى ئامېرىكانىڭ كېلەر قېتىم تېخىمۇ ياخشى ئورۇندا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش بولمىسا، مەن ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن ھەيران قالىمەن. بۇ بولسا مەبلەغ سېلىش ۋە بەلگىلىمىلەرنى بوشاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭ مۆلچەرىمچە، «ESG» ۋە «ProSec» مەسىلىلىرى يېقىن كەلگۈسىدە ئاساسەن ھەر كۈنى دېگۈدەك خەۋەرلەردە دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://pro.thestreet.com/market-commentary/us-will-address-4-key-weaknesses-in-new-trade-deal-with-china



# قىزىل مارالنىڭ ئىلىمى - پەندە ئىسپاتلانغان يەتتە خىل پايدىسى

گاۋىن ۋان دې ۋاللې

# قىزىل مارال نىڭ ئىلمى - پەندە ئىسپاتلانغان يەتتە خىل پايدىسى

ئاپتورلار: گاۋىن ۋان دې ۋاللې (Gavin Van De Walle) ۋە

كارېن لامورېكس (Karen Lamoreux)

تىببىي تەكشۈرگۈچى: ئوزۇقشۇناس ئىماشى فېرناندو (Imashi Fernando)

قىزىل مارالنىڭ (Rhodiola Rosea) ئىنسانلارنىڭ فىزىكىلىق ۋە روھىي بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە ھەمدە باشقا نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا رولى بارلىقى بايقالغان. بۇنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

قىزىل مارال ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ سوغۇق، تاغلىق رايونلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ يىلتىزى ماسلىششچان ماددا دەپ قارىلىدۇ، بۇ دېگەنلىك ئۇلارنى ئىستېمال قىلغاندا ئىنسان بەدىنىنىڭ بېسىمغا ماسلىششىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

قىزىل مارال يەنە شىمالىي قۇتۇپ يىلتىزى ياكى ئالتۇن يىلتىز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي نامى روديئولا روزىيا (Rhodiola Rosea) بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزىدا 140 دىن ئارتۇق ئاكتىپلاشتۇرغۇچى تەركىب بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككىسى روزاۋىن (Rosavin) ۋە سالىدروسايد (Salidroside).

رۇسىيە ۋە سىكاندىناۋىيە دۆلەتلىرىدىكى كىشىلەر ئەسىرلەردىن بۇيان قىزىل مارالنى تۆۋەندىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىپ كەلگەن:

ئەنسىزلىك

ماغدۇرسىزلىق

خامۇشلۇق

كۆنىمىزدە ئۆنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق نۇرغۇن تەرەپلىرى بايقالغانلىقى ئۈچۈن يېمەكلىكلەر قوشۇمچە ماددىسى سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ.

تۆۋەندە قىزىل مارال نىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق يەتتە خىل پايدىسىنى تونۇشتۇرىمىز

1. بېسىمنى يېنىكلىتىشتىكى پايدىسى

قىزىل مارال ئۆزۈندىن بۆيان ماسلىششچان ماددا دەپ تونۇلغان بولۇپ، ئىنسان بەدىنىنىڭ بېسىمغا قارشى تۇرۇش كۈچىنى نامەلۇم يوللار بىلەن كۈچەيتىدىغان تەبىئىي ماسلىششچان ماددا قاتارىدا سانالماقتا. ئىنسانلار بېسىم ھېس قىلغاندا قىزىل مارالغا ئوخشاش ماسلىششچان ماددىلارنى ئىستېمال قىلسا، بېسىم ئەھۋالىنىڭ يېنىكلىشىگە ياردىمى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

تەتقىقاتلاردا يەنە قىزىل مارالنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك بېسىم سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان ماغدۇرسىزلىق ئالامەتلىرىنى ياخشىلىيالايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. مەلۇم بىر تەتقىقاتتا ئۆزۈن مۇددەتلىك بېسىم ۋە چۈشكۈنلۈك سەۋەبىدىن ماغدۇرسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 118 كىشى قاتناشقان بولۇپ، بۇلار كۈنلىكى 400 مىللىگرام قىزىل مارال ئىستېمال قىلىشنى 12 ھەپتە داۋاملاشتۇرغان، نەتىجىدە ماغدۇرسىزلىق ئالامەتلىرىدە روشەن ياخشىلىنىش بولغان.

ئەڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش تۇنجى ھەپتىدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، پۈتكۈل تەتقىقات جەريانىدا داۋاملاشقان. تەتقىقاتچىلار قىزىل مارال ئارقىلىق ماغدۇرسىزلىقنى كلىنىكىلىق داۋالاشنىڭ تۇنجى قېتىملىق تەجرىبىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ نەتىجىلەر گەرچە كىشىلەردە ئۈمىد پەيدا قىلغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يەنە تېخىمۇ كۆپ سىناقلارنى ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلغان.

2. ماغدۇرسىزلىققا بولغان پايدىسى

بېسىم، ئەنسىزلىك ۋە ئۇيقۇسىزلىق ئاسانلا ھارغىنلىق ۋە چارچاشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار بولۇپ، بۇ ئامىللار جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ھارغىنلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىزىل مارال ماسلىششچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، يۇقىرىدىكى ئالامەتلەرنى يېنىكلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

مەلۇم بىر تەتقىقاتتا، سوزۇلما خاراكتېرلىق ماغدۇرسىزلىق كېسەللىگە گىرىپتار بولغان 100 كىشى قاتناشقان بولۇپ، بۇلار ئۇدا سەككىز ھەپتە ھەر كۈنى 400 مىللىگرام قىزىل مارالنى ئىستېمال قىلغان. نەتىجىدە ئۇلاردا بېسىم ۋە ماغدۇرسىزلىقنى يېنىكلىتىش، تۇرمۇش سۈپىتى، كەيپىياتنى ياخشىلاش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش قاتارلىقلار جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلارنىڭ بولغانلىقى بايقالغان.

بۇ ياخشىلىنىش ئالامەتلىرى داۋالاش باشلانغان تۇنجى ھەپتىسىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى ھەپتىسىگىچە داۋاملاشقان.

3. خامۇشلۇق ئالامەتلىرىنى يېنىكلىتىشكە بولغان پايدىسى

خامۇشلۇق كېسىلى ئىنسانلارنىڭ كەيپىياتى ۋە ھەرىكەتلىرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان، كۆپ ئۇچرايدىغان ئېغىر كېسەللىك. ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىدىكى نېرۋا ئۆتكۈزگۈچ دەپ ئاتىلىدىغان خىمىيىلىك ماددىلار تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقاندا خامۇشلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. تىببىي خادىملار ئادەتتە بۇ خىمىيىلىك تەڭپۇڭسىزلىقنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن خامۇشلۇققا قارشى دورىلارنى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. تەتقىقاتلاردا قىزىل مارالنىڭ خامۇشلۇق كېسىلىنى يېنىكلىتىشكە، شۇنداقلا مېڭىدىكى نېرۋا ئۆتكۈزگۈچلىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ياردەم بېرىش رولىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغان.

2015 - يىلدىكى بىر تەتقىقاتتا قىزىل مارالنىڭ تەسىرى بىلەن چۈشكۈنلۈككە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان زولوفت (Zoloft) نامىدا سېتىلىدىغان سېرترالىن (Sertraline) نىڭ تەسىرى سېلىشتۇرۇلغان. بۇ تەتقىقاتتا خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 57 كىشى قاتناشقان. بۇلار ئىختىيارى ھالدا قىزىل مارال، سېرترالىن ياكى پلاسېبو (Placebo) دورىلىرىنى 12 ھەپتە ئىستېمال قىلغان. گەرچە قىزىل مارال ۋە سېرترالىن ھەر ئىككىسى خامۇشلۇق ئالامەتلىرىنى پەسەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما سېرترالىننىڭ تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك بولغان. قانداقلا بولمىسۇن، قىزىل مارالنىڭ ئەكس تەسىرى ئاز ھەمدە قوبۇل قىلىنىشى ياخشىراق بولغان.

4. مېڭە ئىقتىدارىنى ياخشىلاشقا بولغان پايدىسى

چېنىقىش، توغرا ئوزۇقلىنىش ۋە ياخشى ئۇخلاش مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى ساقلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. قىزىل مارال قاتارلىق بەزى قوشۇمچە ماددىلارمۇ بۇنىڭغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن. 36 تۈرلۈك ھايۋاناتتا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەجرىبىدە، قىزىل مارالنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى ياخشىلىيالايدىغانلىقى بايقالغان.

بۇ خىل ھايۋاناتلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىدە، قىزىل مارالنى پەقەت بىر قېتىملا ئىستېمال قىلغاندا ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ كۈچەيگەنلىكى ھەمدە چاشقانلارغا نىسبەتەن چۈشكۈنلۈككە قارشى تەسىرى بولغانلىقى بايقالغان. بۇ قىزىل مارالنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ۋە كەيپىياتىنىڭ قالايمىقانلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى رولىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

يەنە بىر تەتقىقاتتا، قىزىل مارالنىڭ داۋالاش خۇسۇسىيىتىنىڭ ياشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىنلىكى خۇلاسىلەنگەن. تەتقىقاتچىلار تەجرىبە نەتىجىلىرى بىلەن كلىنىكىلىق قوللىنىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەجرىبە ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلىكىنى تەۋسىيە قىلغان.

5. ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاشقا بولغان پايدىسى

قىزىل مارالنىڭ جىسمانىي ھەم روھىي چارچاشنى ئازايتىپ، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلىيالايدىغانلىقى بايقالغان بولسىمۇ، ئەمما تەتقىقات نەتىجىلىرى بىردەك ئەمەس.

ئىجابىي تەرەپتىن قارىغاندا، بىر تۈرلۈك ھايۋاناتلارغا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتتا، قىزىل مارالنىڭ چاشقانلارنىڭ مۇسكۇل كۈچى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرالايدىغانلىقى بايقالغان. بۇ تەتقىقاتتا، چاشقانلارغا قارىتا قارشىلىق مەشقى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن قىزىل مارال ۋە تىكەنلىك ئەمەن (Rhaponticum carthamoides) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل ماسلاشتۇرغۇچى رولىغا ئىگە ئۆسۈملۈك شىرنىسى بېرىلگەن.

يەنە بىر تەتقىقاتتا، قىزىل مارالنى ئىستېمال قىلغان ياش، ساغلام، جىسمانىي جەھەتتىن جانلىق ئەرلەرنىڭ ئىنكاس ۋاقتى ۋە ئومۇمىي ماسلىشىش ۋاقتىنى قىسقارتىدىغانلىقى بايقالغان. ئۇ يەنە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرغان. ئەمما ئومۇمىي چىدامچانلىققا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن.

باشقا تەتقىقاتلاردا، قىزىل مارالنىڭ سۇبيېكتىپ چارچاشنى يەنى قاتناشقۇچىلارنىڭ بەدىنىنىڭ چارچاش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

گۇمانلىق تەرەپ بولسا، بەزى تەتقىقاتلاردا قىزىل مارال قوشۇمچە ماددىسىنىڭ ئوكسىگېن سۈمۈرۈش مىقدارىغا ياكى مۇسكۇل ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسەتمىگەنلىكى، شۇنداقلا مارافون يۈگۈرۈش ماھىرلىرىنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى كۈچەيتمىگەنلىكى ئىسپاتلانغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسال ساغلاملىق مەركىزى، ئىنسانلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن قىزىل مارالنىڭ ھەرقانداق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ يوقلۇقىنى ئاگاھلاندۇرغان. بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى بولسا، تەتقىقاتچىلار تېخىچە قىزىل

مارالنىڭ ئىنسانلارغا قايسى جەھەتلەردىن تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنمىگەنلىكى بولۇشى مۇمكىن.

6. دىئابېتنى كونترول قىلىشقا بولغان پايدىسى

دىئابېت بىمارلىرىدا بەدىنىنىڭ ئىنسۇلىن ھورمۇنى ئىشلەپچىقىرىش ياكى ئۇنىڭغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى سەۋەبىدىن قان شېكىرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق بىمارلار ھەمىشە ئىنسۇلىن ئوكۇلى ياكى باشقا دورىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قان شېكىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، ھايۋاناتلار تەتقىقاتىدا قىزىل مارالنىڭ دىئابېتنى كونترول قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

قىزىل مارالدىكى سالىدروسىد بىرىكمىسىنىڭ (The salidroside compound) دىئابېت ۋە دىئابېتلىق بۆرەك كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇ تەتقىقاتلار چاشقانلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغاچقا ئىنسانلارغا ئومۇملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ تەتقىقاتلار قىزىل مارالنىڭ ئىنسانلارنىڭ دىئابېت كېسىلىگە بولغان تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك سەۋەبلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇبادا سىز دىئابېت بىمارى بولسىڭىز ۋە قىزىل مارالغا ئوخشاش قوشۇمچە دورىلارنى ئىستېمال قىلماقچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭىزنىڭ ياكى دوختۇرىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ.

7. راكقا قارشى تۇرۇشقا بولغان پايدىسى

قىزىل مارالنىڭ كۈچلۈك تەركىبىي قىسمى بولغان سالىدروسىدنىڭ راكقا قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتى تەتقىق قىلىنماقتا. بىر قانچە تۇرلۈك سىناق تەجرىبە تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئۆپكە، قوۋۇق ۋە چوڭ ئۈچەي راكى ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى توسۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا، تەتقىقاتچىلار قىزىل مارالنىڭ ھەر خىل راك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىش مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھالبۇكى، ئىنسانلارغا

قارتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلگۈچە، قىزىل مارالنىڭ راكنى داۋالاشقا ياردەم بېرەلەيدىغان - بېرەلمەيدىغانلىقى نامەلۇم.

قىزىل مارالنى قانداق ئىستمال قىلىش كېرەك؟

قىزىل مارال نىسبەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاساسلىقى قىزىل مارالدىن ياسالغان كاپسۇل ياكى تابلېت شەكلىدە تەمىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ چايلىرىمۇ بار. ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ كاپسۇل شەكلىنى ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلماقتا. چۈنكى كاپسۇل شەكلىدىكىنى ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ مىقدارىنى تېخىمۇ توغرا كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

قىزىل مارال قوشۇمچە دورىلىرىنىڭ ساختا بولۇپ قېلىشى، سۈپىتى ۋە ساپلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار بولۇپ، بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، USP ياكى NSF بەلگىسى بار ماركىلارنى سېتىۋالسىڭىز بولىدۇ. بۇلار قوشۇمچە دورىلاردا ھېچقانداق ئارىلاشما ماددىلارنىڭ يوقلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۈچىنچى تەرەپ، پايدا ئالمايدىغان تەشكىلاتلار. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قوشۇمچە دورىلارغا چاپلانغان بەلگىلىرىگە قاراپ، ئۇلاردا 3% روساۋىن ۋە 1% سالىدروزىدنىڭ بارلىقىنى جەزملەشتۈرۈڭ. بۇلار قىزىل مارالنىڭ يىلتىزىدىكى بۇ بىرىكمىلەرنىڭ تەبىئىي نىسبىتى.

دورىنى ئىچىش مىقدارى ۋە ۋاقتى

قىزىل مارالنى ئاچ قورساققا ئىچىش ئەڭ ياخشى، ئەمما ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىك دەرىجىدە غىدىقلاش رولى بار. كۆپىنچە كىشىلەر قىزىل مارالنىڭ 100 مىللىگرامدىن 200 مىللىگرامغىچە بولغان كاپسۇل ياكى تابلېتنى ئىستېمال قىلماقتا.

نۆۋەتتىكى تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، قىزىل مارالنى كۈنىگە بىر ياكى ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 400 مىللىگرامدىن 600 مىللىگرامغىچە ئىستېمال قىلغاندا، ئېغىر بېسىم، ماغدۇرسىزلىق ياكى خامۇشلۇق ئالامەتلىرىنى ياخشىلاشتىكى ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى تەتقىقاتلاردا كۈنىگە 200 مىللىگرامدىن 300 مىللىگرامغىچە قىزىل مارال ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

قىزىل مارالنىڭ بىخەتەرلىكى

نۆۋەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى قىزىل مارالنىڭ ئىشلىتىشتە بىخەتەر ھەم چىدامچان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. كلىنىكىلىق تەكشۈرۈشلەردىمۇ قىزىل مارالنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك ئەكس تەسىرىنىڭ يوقلۇقى ئىسپاتلانغان.

ھالبۇكى، 2024 - يىلىغا كەلگەندە يېمەكلىك ۋە دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى (FDA) قىزىل مارال قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئالتە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش خېتى يوللىغان. ئاگاھلاندۇرۇشلاردا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ساپلىق مەسىلىسى

ماركا مەسىلىسى

ساغلاملىققا بولغان پايدىسى ھەققىدىكى ئاساسسىز تەشۋىقاتلار

تەستىقسىز يېڭى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىش

يېمەكلىك ۋە دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى (FDA) يېمەكلىك قوشۇمچە ماددىلىرىنى دورا ئەمەس، بەلكى يېمەكلىك قاتارىدا باشقۇرىدۇ. ھېچقانداق كېسەللىكنى داۋالاش، ساقايتىش ياكى ئالدىنى ئېلىش رولى بار دەپ تەشۋىق قىلىشقا يول قويمايدۇ.

قىزىل مارال قاتارلىق قوشۇمچە دورىلارنىڭ بولۇپمۇ ساپ بولمىغان، باشقا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىلگەن تەقدىردە ئەكس تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. قىزىل مارال سىز ئىستېمال قىلىۋاتقان باشقا دورىلار بىلەن ئۆز - ئارا تەسىر كۆرسىتىشى ياكى باشقا كېسەللىكلەرنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، ئۇنىڭ تەسىرى بالىلار، ھامىلىدار ئاياللار ياكى باشقا ئاجىز كىشىلەر توپىدا سىناق قىلىنمىغان.

ئۆسۈملۈك قوشۇمچە دورىلىرىنى سېتىۋالغاندا سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلىشى مۇمكىن. مۇبادا سىز قوشۇمچە دورىلارنى سېتىۋالسىڭىز، بولۇپمۇ توردىن سېتىۋالسىڭىز، ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشۇمچە دورىلارنىڭ ساغلاملىقىڭىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە تىببىي ساھەدىكى كەسپىي خادىملاردىن مەسلىھەت سوراڭ.

خۇلاسە

قىزىل مارال رۇسىيە ۋە سكاندىناۋىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تىبابىتىدە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كەلگەن. تەتقىقاتلاردا قىزىل مارالنىڭ بەدەننىڭ فىزىكىلىق ۋە روھىي بېسىملارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىش مۇمكىنلىكى بايقالغان.

باشقا تەتقىقاتلاردا، نەيچە ئارقىلىق ياكى ھايۋانلارغا ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇن سىناقلاردا، قىزىل مارالنىڭ راك، خامۇشلۇق ۋە دىئابىت قاتارلىق بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھالبۇكى قىزىل مارالنىڭ بۇ خىل ئېغىر كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىنى يېنىكلىتىشى مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىنسانلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىشەنچلىك تەتقىقاتلار يېتەرلىك ئەمەس.

ئەگەر قىزىل مارالنى ئىستېمال قىلماقچى بولسىڭىز، ساختا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى تەرەپ سىنىقىدىن ئۆتكەن قوشۇمچە دورىلارنى تاللاڭ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قىزىل مارالنىڭ ساغلاملىققا پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ بولۇپ، تەۋسىيە قىلىنغان مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا، بىخەتەر دەپ قارىلىدۇ، ئەكس تەسىرى يوق دېيەرلىك.

مۇبادا قىزىل مارالنى ئىستېمال قىلىشنى ئويلاشقان بولسىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئالدى بىلەن ساغلاملىق مۇتەخەسسىسىدىن مەسلىھەت سوراڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.healthline.com/nutrition/rhodiola-rosea#decreased-stress



# فرانسىيە دائىرىلىرى دوكتور دىلنۇر رەيھان ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك

يالقۇن ئۇلۇغيول

# فرانسىيە دائىرىلىرى دوكتور دىلنۇر رەيھان ئۇستىدىن قىلىنغان دەۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك

يالقۇن ئۇلۇغيول

يېڭىلانما: 13 - ئۆكتەبىر كۈنى، دىلنۇر رەيھاننىڭ «ئاممىۋى مال-مۈلۈككە زىيان يەتكۈزۈش» جىنايىتى بېكىتىلىپ، 150 ياۋرو جەرىمانە قويۇلدى ھەمدە 1 ياۋرو زىيان تۆلىمى ۋە ئۈسۇم، شۇنداقلا دەۋا چىقىملىرىنى تۆلەشكە بۇيرۇلدى.

13 - ئۆكتەبىر كۈنى، پارىژ سىرتىدىكى بىر سوت مەھكىمىسى كۆزگە كۆرۈنگەن فرانسىيەلىك ئۇيغۇر تەتقىقاتچى ۋە پائالىيەتچى، ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى دوكتور دىلنۇر رەيھاننى «باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇۋېتىش» جىنايىتى بىلەن سوتلايدۇ.

خىتاينىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئۈچ خادىمى دىلنۇر رەيھاننىڭ 2022 - يىلى 9 - ئايدا پارىژ رايونىدىكى بىر مۇزىكا فېستىۋالىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىشقا قاتناشقانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنغان ئىدى. ئىلگىرى سۈرۈلۈشىچە، فېستىۋال جەريانىدا دىلنۇر رەيھان خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بىر پىلاكاتىغا قىزىل بوياق چاچقان.

خىتاي ھۆكۈمىتى دىلنۇر رەيھاننىڭ «مال - مۈلۈككە زىيان سالغانلىقى»نى ۋە بۇنىڭ بىر «ئىرقىي ھۇجۇم» (بۇ ئەيىبلەش كېيىن بىكار قىلىنغان) ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. دىلنۇر رەيھان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىگە، جۈملىدىن كەڭ كۆلەملىك خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە قاماش، قىيىن - قىستاق، مەجبۇرىي يوق قىلىۋېتىش، كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش، مەدەنىيەت ۋە دىنىي جەھەتتىن زىيانكەشلىك قىلىش، ئائىلىلەرنى پارچىلاش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىغا ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرۈپ كەلگەن ئىدى. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋە باشقا ئورگانلار خىتاينىڭ بەزى قىلمىشلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇلاسە چىقاردى.

«خىتاي ئەلچىخانىسى ئۇچۇن ئېيتقاندا، مەقسەت دەۋادا ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇش ئەمەس، بەلكى تەنقىدىمىنىڭ ئاۋازى)نى بېسقتۇرۇش ئۇچۇن، (ماڭا) روھىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەدەل تۆلىتىشتۇر» دېدى دىلنۇر رەيھان مارت ئېيىدىكى بىر سوت ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا. «مەن فرانسىيە سوتى تەرىپىدىن ئەيىبلەنمەستىن، ئەكسىچە خىتاينىڭ مېنى جىمىقتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى يۈزىسىدىن فرانسىيە دۆلىتى تەرىپىدىن قوغدىلىشىم كېرەك ئىدى.»

تەپتىش ئەمەلدارى دەسلەپتە 2023 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرزىنى رەت قىلغان ئىدى. بىراق خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2024 - يىلى ماي ئېيىدا فىرانسىيەدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇشىدىن ۋە يۈزلىگەن ئۇيغۇر، تىبەت ۋە باشقىلارنىڭ نامايىش قىلىشىدىن سەل بۇرۇنراق، تەپتىش ئەمەلدارى قايتا ئەرزگە ئاساسەن دېلونى قايتىدىن تۇرغۇزغان. 2025 - يىلى مارت ئېيىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سوتقا مەيلى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكىللىرى، مەيلى باقا خىتاي خادىملىرى كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆكتەبىر ئېيىغىچە كېچىكتۈرۈلگەن ئىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەللەردىكى تەنقىدچىلەرگە ۋە مۇھاجىرلارغا قاراتقان پاراكەندىچىلىك سېلىش قىلمىشلىرىنى كۈچەيتتى. خىتاي چېگراسىدىن ھالقىغان بۇ زۇلۇم - زومبۇلۇق قىلمىشلىرى «خىتاينىڭ خەلقئارالاشقان باستۇرۇشى» دەپ ئاتالماقتا. مەسىلەن، خىتاي دائىرىلىرى ئىيۇل ئېيىدا پارىژدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە تىبەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ياقىلىغانلىقى ئۈچۈنلا، خىتاي ئوقۇغۇچىسى تارا جاڭ يادىنى «بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش»تەك ئېغىر جىنايەت بىلەن تۇتقۇن قىلدى.

فىرانسىيەدىكى كىشىلەر سوتلىنىشتىن ئەنسىرەپ ئولتۇرماستىن، خىتايغا ۋە باشقا زالىم ھۆكۈمەتلەرگە قارشى تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلالىشى كېرەك. فىرانسىيە دائىرىلىرى دىلنۇر رەيھان ئۈستىدىن قىلىنغان ئەيىبلەشلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ۋە بۇنىڭ ئورنىغا دىققىتىنى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە قارىتىشى لازىم.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.hrw.org/news/2025/10/09/uyghur-scholar-activist-faces-charges-in-france-for-criticizing-beijing

# چۈشىنىش سەنئىتى



مارك بىلاسنى

# چۈشىنىش سەنئىتى

(مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەقىقىي سىرىنى بايقاش)

مارك بىلاسىنى

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ھەقىقىي ماھارەت، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر تېخىمۇ بەختلىك ۋە ھوزۇرلۇق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ھەقىقىي نەرسە تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرگە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى چۈشىنىش ئىقتىدارىدۇر. چۈنكى بىلىم كۆپەيگەنسېرى تۇرمۇش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. چۈشىنىش ئىقتىدارى مۇرەككەپلىكنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، تۇرمۇش بېسىمىنى يېنىكلىتىدۇ. شۇنداقلا تۇرمۇشتا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

دۇنيا ھاياتىنىڭ ھەر خىل مۇرەككەپلىكىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۆنىلىشنى تاپالايدىغان، بىزنى ئالغا يېتەكلەيدىغان كىشىلەرگە ئىنتايىن ئېھتىياجلىق.

چۈشىنىش پاسسىپ ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ جەريان. چۈشىنىش پەقەت كۆرۈش ياكى ئاڭلاش ئارقىلىق قولغا كەلمەيدۇ. ئۇ باغلىنىش ئورنىتىش، ئىمكانىيەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش، قايتا - قايتا مەشىق قىلىش ۋە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چۈشىنىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى شۇكى، ئەگەر سىز بىر ماھارەت ياكى تېمىنى ھەقىقىي چۈشەنسىڭىز، ئۇنى ھەر خىل ئەھۋاللاردا قايتا - قايتا قوللىنالايسىز ياكى چۈشەندۈرەلەيسىز. ئەڭ مۇھىمى، مۇبادا سىز ئۇنى چۈشىنەلىسىڭىز ئاندىن باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرەلەيسىز.

كىشىلەر تېخىمۇ ئېجادچان، ئەقىللىق ياكى تېخىمۇ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىگە ئىگە بولۇش توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئەمەلىيەتتە بۇ نەرسىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. مەيلى پسىخىكىلىق ياكى فىزىكىلىق جەھەتتىن بولسۇن، ئۇ ئاساسەن چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىسى (چۈشىنىش پسىخىكىلىق ياكى فىزىكىلىق جەھەتلەردىن بولۇشى مۇمكىن).

بۇ ئۇقۇملار ئېنىقتەك بىلىنسىمۇ ئەمەلىيەتتە قوللىنىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بولۇپمۇ بۇگۈنكى رەقەملىك دەۋردە، كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنۇملەرنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشتىن كۆرە، قىزىقارلىق، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ياكى غەلىتە ئۇنۇملەرنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ياخشى ھېكايە يېزىشنى خالايدۇ، ئەمما يازىدىغان ياخشى مەزمۇن يوق. ئېسىل بىر كىنو ئىشلەشنى خالايدۇ، ئەمما ياخشى ۋەقەلىك تاپالمايدۇ. ياخشى ناخشىلارنى ئىجاد قىلىشنى خالايدۇ، ئەمما ياخشى تېمىلارغا ئىگە ئەمەس.

ئۇلار ئۇنۇمگىلا بېرىلىپ كېتىپ ئۇنىڭ كەينىدىكى جەريانىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەل مۇشۇ چۈشىنىش جەريانى بىزنى تېخىمۇ ئىجادچان، ئەقىللىق ۋە تېخىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز قىلىدۇ. ھەر قانداق مۇرەككەپ نەرسىنىڭ يادروسىدا ئىنتايىن ئاددىي، ئاساسلىق بولغان نەرسە مەۋجۇت. ئەگەر مۇرەككەپ ئەسەر ھەقىقەتەن ئېسىل بولسا، ئۇنىڭ ئاساسىدىكى ئاددىي ئېلېمېنتلار كۈچلۈك، چوڭقۇر ۋە ئۆزۈن مۇددەتلىك بولۇشى كېرەك.

ئۇنداقتا، نەرسىلەرنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز؟ ھەرقانداق نەرسىنى ياخشىراق چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت ئۇسۇلنى قوللىنىشقا ئەرزىيدۇ:

1. نەرسىلەرنى پارچىلاپ ئاندىن قايتا جەملەش

ھەممىشە چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر نەرسىنى تاللاڭ. بۇ ياكى ئىسپان تىلى ياكى فىزىكا قاتارلىق بىرەر دەرس؛ ياغاچچىلىق ياكى پروگرامما تۈزۈش قاتارلىق بىرەر ماھارەت؛ شاھمات ياكى پوكىر قاتارلىق بىرەر ئويۇن؛ ياكى شېئىر يېزىش قاتارلىق بىرەر سەنئەت شەكلى بولۇشى مۇمكىن. قىزىقىشىڭىز ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولغاچقا، ئۆزىڭىز ھەقىقەتەن قىزىقىدىغان نەرسىنى تاللاش ناھايىتى مۇھىم.

نىشانىڭىزنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئەڭ ئاساسىي تەركىبلەرگە ئايرىڭ. بىر پارچە قەغەزگە بۇ تېما، ماھارەت ياكى سەنئەت شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان بارلىق ئوخشىمىغان ئېلېمېنتلارنى تىزىپ چىقىڭ. مەسىلەن، شاھماتنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، ئۇنى ئوخشىمىغان پېچكىلارغا (خانىش، پادىشاھ، پىيادە، ئېپىسكوپ، چەۋەنداز دېگەندەك) ۋە ئۇلارنىڭ قىلالايدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىگىچە ئايرىڭ.

ھەممە نەرسىنى پارچىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتا جەملەشكە تىرىشىڭ. ئېلېمېنتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ۋە بىر ئېلېمېنتنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ يەنە بىر ئېلېمېنتقا ياكى پۈتۈنلۈككە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. مەسىلەن، فىزىكىدا ئېينىشتېيىننىڭ داڭلىق ماسسا - ئېنېرگىيە تەڭلىمىسى E = mc^2 دە ماسسا m نىڭ ئېشىشى ئېنېرگىيە E نىڭ ئېشىشىنى بىلدۈرىدۇ. بىرى يەنە بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىر ماھارەت ياكى يەنى ئۇنىڭ ئاساسىي تەركىبلىرىگە بۆلۈپ، ئاندىن ئۇلارنى قايتا بىرلەشتۈرگەندە كۆز ئالدىڭىزدا بىر پۈتۈن گەۋدە پەيدا بولىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر سىزگە ئومۇمىي بىر پۈتۈنلۈكنى كۆرسىتىپلا قالماي يەنە ئۇلارنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 2. خۇلاسىدىن كەينىگە قاراپ چېكىنىش

ئاخىرقى خۇلاسىدىن، يەنى ئېرىشمەكچى بولغان نىشانىڭىزدىن باشلاڭ. ئەگەر رومان يازماقچى بولسىڭىز ئاخىرقى خۇلاسىسى «تاماملانغان رومان» بولىدۇ. ئەگەر شاھمات ئويناشنى ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، ئاخىرقى مەقسەت رەقىبىڭىزنى مات قىلىشتۇر. ئىش ئەنە شۇنداق ئاددىي.

ئەمدى دىققىتىڭىزنى بۇ ئاخىرقى خۇلاسىنىڭ قانداق بولۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈڭ. تاماملانغان رومان قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئۇنىڭدا پېرسوناژلار ۋە ھېكايىلەر بابلار ئارقىلىق سۆزلەنگەن بولىدۇ. شاھماتتىكى مات قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ بىر تەرەپنىڭ پېچكىلىرى يەنە بىر تەرەپنىڭ شاھ پېچكىسىغا تەھدىت سالغاندا، ھەمدە شۇ سەۋەبلىك شاھ پېچكا ھېچ يەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

ئاخىرقى خۇلاسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئارقىغا چېكىنىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى پەرەز قىلالايسىز. مەسىلەن، رومان يازماقچى بولسىڭىز ئارقىغا چېكىنىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى، ئاخىرقى

تۈزىتىش(تەھرىرلەش)، دەسلەپكى نۇسخا، دەسلەپكى لايىھە (پىلان، ئومۇمىي لايىھە) دېگەندەك تەرتىپ بويىچە بولۇشى مۇمكىن.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، شاھمات ئويناشتىمۇ ماتتىن باشلاپ شۇ يۆلىنىش بويىچە داۋاملاشتۇرغاندا، يەنى: شاھماتنىڭ ئاخىرلىششى (مات بولۇش)، ئويۇننىڭ ئوتتۇرى (ئىككى تەرەپنىڭ پېچكىلىرى ئۆزئارا قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش) ۋە ئويۇننىڭ باشلىنىشى (ئاق رەڭلىك پېچكىلار ئالدىن باشلايدۇ ئاندىن قارا رەڭلىك پېچكىلار ئەگىشىدۇ.)

خۇلاسىدىن كەيىنگە قاراپ ئىشلەش دېگەنلىك، بۇ جەريانغا چوقۇم ئەمەل قىلىشىڭىز كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلەن، رومان يېزىشتىن بۇرۇن چوقۇم لايىھە تۈزۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بەزى كىشىلەر يېزىشقا باشلىغاندىن كېيىن قانداق تاماملاشتا ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بىر تەرەپتىن يېزىپ يەنە بىر تەرەپتىن تەھرىرلەپ ماڭىدۇ.

ئاچقۇچلۇق نۇقتا ئاخىرقى نەتىجىگە قانداق يېتىش جەريانىنى چۈشىنىش. نەتىجىنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق يېتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىر پەن ياكى ماھارەتنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى. چۈنكى ئۇ سىزنى بۇ پەن ياكى ماھارەتنى تەكرارلىنىدىغان جەرياننىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشقا مەجبۇرلايدۇ.

3. قوللىنىش ۋە ئويلىنىش

نەتىجىسى مۆلچەرلەنگەن ھەر بىر تەكرارلىنىدىغان جەرياننىڭ بۇ نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلىدىغان قائىدىلىرى ياكى كۆرسەتمىلىرى بار. مەسىلەن، شاھماتنىڭ رەقىبىڭىزنى مات قىلىش قائىدىلىرى بار. يېزىشنىڭمۇ يازماقچى بولغان مەزمۇننى ئېنىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەش قائىدىلىرى بار. فىزىكىنىڭ بەلگىلىك فىزىكىلىق ھالەتلەرنىڭ قىممىتىنى پەرەز قىلىش ياكى ھېسابلاش ئۈچۈن ماتېماتىكىدىن پايدىلىنىشقا يول قويىدىغان قائىدىلىرى بار.

بىر پەن ياكى ماھارەتنى چۈشىنىشىڭىز بۇ قائىدىلەرنى ياكى پرىنسىپلارنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ قوللىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مانا شۇنداق ئاددىي.

ئەمەلىيەتتە مەسىلە شۇكى، كىشىلەر ئەمەلىيەت بىلەن قوللىنىشنى ھەمىشە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. پەقەت بىرەر نەرسىنى نوقۇل ھالدا مەشىق قىلىش چۈشىنىشنى ياخشىلىيالمايدۇ (گەرچە بەزى ياردەملەرنى بېرەلىسىمۇ)، ئەمما قوللىنىش چۈشىنىشنى ئاشۇرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي چۈشىنىش مەلۇم بىر ئەھۋالدا ھەر خىل ئىمكانىيەتلەرنىڭ دائىرىسىنى كۆرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مەسىلەن، شاھماتنى چۈشىنىشىڭىز پەقەت مەلۇم مۇقىم ھەرىكەتلەرنى ئىجرا قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۆزگىرىشچان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيە تۈزۈش، ھەر بىر ئويۇندا ئوخشىمايدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئىقتىدارىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەرخىل ئېھتىماللىقلارنى ھېس قىلىش ئىقتىدارى قوللىنىشنىڭ ماھىيىتى.

قوللىنىشتا كىچىك ئىشلاردىن باشلاڭ. مەسىلەن، مۇبادا بىرەر ھېكايىنى ياخشى يېزىشنى ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، گراماتىكا ۋە قۇرۇلما قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، ئاندىن قىسقا پاراگرافلارنى يېزىش ئارقىلىق بۇ قائىدىلەرنى مەشىق قىلىڭ. ئەگەر ھېسابلاشنى ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، پەرقلەندۈرۈش ياكى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنى ناھايىتى ئاددىي مەسىلىلەرگە تەدبىقلاڭ. ئەگەر خالىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ مەسىلىرىڭىزنىمۇ يارىتالايسىز.

بىسىم ھېس قىلغۇچە ئىمكانقەدەر كۆپ قوللىنىڭ. خۇددى ئېنىقسىز بىر رايوندا تۇرغاندەك بېسىم ھېس قىلسىڭىز، توختاپ ئويلىنىڭ. نېمىنى توغرا، نېمىنى خاتا قىلغانلىقىڭىز توغرىسىدا ئويلاڭ ھەمدە ئويلىغانلىرىڭىزنى يېزىڭ. ئاندىن يەنە ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. مۇشۇنداق قوللىنىش ۋە ئويلىنىش ئەندىزىسىگە ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

ھەر بىر قوللىنىش جەريانى ئويلىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. ئويلىنىش باسقۇچى ماھارەت سەۋىيىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇقۇملارنى تېز ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق چۈشىنىش قابىلىيىتىڭىزنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

4. ئەسلى ماھىيىتىگە قايتىش

ئاخىرقى ئىستراتېگىيە ئەسلى ماھىيىتىگە قايتىش. چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتقان ھەر قانداق پەن ياكى ماھارەتتە، چۈشۈنۈشىڭىز چوڭقۇرلاشقانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز، ھەمدە دىققىتىڭىزنى مەلۇم بىر تېخنىكا ياكى مەلۇم بىر ساھەدىكى بىلىملەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرىسىز.

شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ئۆزىڭىز جەزملەشتۈرەلەيدىغان ئىلگىرىكى ئاساسلىق نۇقتىلارغا قايتىپ، ئۇلارنى قايتا رەتلەپ چىقىڭ. ئېرىشمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشانغا قايتىپ ئاندىن ئارقىسىغا قاراپ چېكىنگەن ھالەتتە يېزىڭ. ئۆزىڭىز چۈشەنمەكچى بولغان ماھارەت ياكى پەننىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى قايتا كۆرۈپ چىقىڭ ھەمدە كىچىكتىن باشلاپ قايتا مەشىق قىلىڭ.

بۇ تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىپ، قايتا باشلاڭ. ئۆزىڭىزگە ھەممە ئېھتىماللىقلارنى ئويلىنىپ تۇرۇشنى ئەسكەرتىڭ. بۇ تەپەككۇرىڭىزنى ئۆتكۈر قىلىدۇ ھەمدە ماسلىشىشچانلىقىڭىزنى ئاشۇرىدۇ.

خۇلاسە

بىز مۇۋەپپەقىيەت كۆپ خىل ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش ئىقتىدارىڭىزغا باغلىق بولغان يېڭى بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. ھازىرقى ئۆچۈر دەۋرىدە ھەر قانداق ئادەم سەنئەتكار، ئالىم ياكى يازغۇچى بولالىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇچۇر دەۋرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىكنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. تۇرمۇشنى بارغانسېرى جىددىيلەشتۈرىۋاتىدۇ ۋە دىققەتنى چېچىۋاتىدۇ.

ھازىر بىزگە ھەر قاچانقىدىنمۇ كۆپرەك ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى، ئويلاش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرالايدىغان، بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان رېئاللىقنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان ۋە مەنىلىك ھاياتقا يېتەكلىيەلەيدىغان كىشىلەردۇر.

سىز شۇنداقلارنىڭ بىرىمۇ؟

**ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى**

https://medium.com/@MarkBlasini/the-importance-of-understanding-388d479d777d



# چوڭقۇر ئۆگىنىش دېگەن نېمە؟

# چوڭقۇر ئۆگىنىش دېگەن نېمە؟

چوڭقۇر ئۆگىنىش — ماشىنا ئۆگىنىشىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ خۇددى بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىمىزغا ئوخشاش، سۈنئىي نېرۋا توردىن پايدىلىنىپ سانلىق مەلۇماتلاردىن بىلىم ئالىدۇ. سۈنئىي نېرۋا تورلىرى ئىنسان مېڭىسىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن ئىلھام ئېلىپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئۇ تەسۋىر تونۇش، تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش ۋە نۇتۇق تونۇش قاتارلىق ئىنتايىن كۆپ خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

## چوڭقۇر ئۆگىنىش ئالگورىزىمى

چوڭقۇر ئۆگىنىش ئالگورىزىمى ئادەتتە بەلگە قويۇلغان چوڭ تىپتىكى سانلىق مەلۇمات توپلىمى ئارقىلىق تەربىيىلىنىدۇ. بۇ ئالگورىزىملار سانلىق مەلۇماتلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بەلگىلەر ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش قۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ. مەسىلەن، بىر تەسۋىر تونۇش ۋەزىپىسىدە ئالگورىزىم تەسۋىردىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى (مەسىلەن، جىسىمنىڭ شەكلى ياكى رەڭگىنى) توغرا بولغان بەلگىگە (مەسىلەن، «ئىت» ياكى «مۈشۈك»كە) باغلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

بىر چوڭقۇر ئۆگىنىش ئالگورىزىمى تەربىيىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۆگەنگەن قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن يېڭى سانلىق مەلۇماتلارنى توغرا رەۋىشتە تۈرگە ئايرىيالايدىغان بولىدۇ.

## چوڭقۇر ئۆگىنىش قانداق ئىشلەيدۇ؟

چوڭقۇر ئۆگىنىش — سۈنئىي نېرۋا تورلىرىدىن پايدىلىنىپ، سانلىق مەلۇماتلاردىن بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىشلەيدۇ. نېرۋا تورلىرى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان قاتمۇقات تۈگۈنلەردىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، ھەر بىر تۈگۈن سانلىق مەلۇماتنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىشكە مەسئۇل بولىدۇ. سۈرەت ھەققىدىكى مەسىلىمىزغا ئاساسلانغاندا، بىر سۈرەت تونۇش تورىدا تۈگۈنلەرنىڭ بىرىنچى قەۋەتتە قىر - گىرۋەكلەرنى پەرقلەندۈرۈشنى، ئىككىنچى قەۋەتتە شەكىللەرنى پەرقلەندۈرۈشنى، ئۈچىنچى قەۋەتتە بولسا جىسىملارنى (ئوبيېكتلارنى) پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىشى مۇمكىن.

بۇ تور ئۆگەنگەنسېرى، تۈگۈنلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنىڭ سالماقلىرى تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سانلىق مەلۇماتلارنى تېخىمۇ ياخشى تونۇيالايدۇ. بۇ تەڭشەشلەر كۆپىنچە «تەتۈر تارقىلىش» (backpropagation) قا ئوخشاش تېخنىكىلار ئارقىلىق، تورنىڭ مەشىق سانلىق مەلۇماتىدىكى ئىپادىسىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ جەريان «مەشىق قىلدۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى يېتەكچىلىك ئاستىدا ئۆگىنىش (supervised learning)، يېتەكچىسىز ئۆگىنىش (unsupervised learning) ۋە كۈچەيتىپ ئۆگىنىش (reinforcement learning) قاتارلىق كۆپ خىل تېخنىكىلارنى ئىشلىتىپ ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

## چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەن ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ پەرقى

چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەن ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ (Machine Learning) ھەر ئىككىلىسى سۈنئىي ئەقىلنىڭ تارمىقىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا ئۆگىنىمى — چوڭقۇر ئۆگىنىش قاتارلىق ھەر خىل تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ كەڭ ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ. ۋەزىپە ۋە ئالگورىزىمغا ئاساسەن، ماشىنا ئۆگىنىمى ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىش ئالگورىزىملىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى بەلگە سېلىنغان ياكى بەلگە سېلىنمىغان سانلىق مەلۇماتلاردا مەشقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ماشىنا ئۆگىنىمى ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى سۈرەت تونۇش، ئاۋاز تونۇش ۋە تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، چوڭقۇر ئۆگىنىش سانلىق مەلۇماتلارنىڭ قاتلاملىق ئىپادىلىرىنى ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، سۈرەتنى تونۇش، ئايرىش ۋە جىسىمنى بايقاشقا ئوخشاش مۇرەككەپ ئەندىزە تونۇش ۋەزىپىلىرىدە، كۆپىنچە ئەنئەنىۋى ماشىنا ئۆگىنىشىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

## چوڭقۇر ئۆگىنىشنىڭ تۈرلىرى

چوڭقۇر ئۆگىنىش مودېللىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان تۈرلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بۇرۇلمە نېرۋا تورى (CNNs)
بۇرۇلمە نېرۋا تورلىرى تەسۋىر تونۇش ۋە تەسۋىر بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار سۈرەتتىكى جىسىملار قىسمەن توسۇلۇپ قالغان ياكى شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئەھۋالدا بولسىمۇ، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ماھىر.

چوڭقۇر كۈچەيتىلمە ئۆگىنىش (Deep reinforcement learning)
چوڭقۇر كۈچەيتىلمە ئۆگىنىش ماشىنا ئادەم تېخنىكىسى (روبوت) ۋە ئويۇن ساھەسىگە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ بىر تۈرلۈك ماشىنا ئۆگىنىمى تۈرى بولۇپ، بىر ئورۇنلىغۇچىنىڭ (agent) مۇھىت بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە مۇكاپات ياكى جازاغا ئېرىشىش ئارقىلىق، شۇ مۇھىتتا قانداق ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

تەكرارلانما نېرۋا تورى (RNNs)
تەكرارلانما نېرۋا تورلىرى تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش ۋە نۇتۇق تونۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار بىر جۈملە ياكى ئىبارىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى (تىل مۇھىتىنى) چۈشىنىشكە ئالاھىدە ماھىر بولۇپ، تېكىست ھاسىل قىلىش ياكى تىل تەرجىمە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## چوڭقۇر ئۆگىنىش مودېللىرىنى ئىشلىتىشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟

چوڭقۇر ئۆگىنىش مودېللىرىنى ئىشلىتىشنىڭ بىر قاتار ئەۋزەللىكلىرى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

سانلىق مەلۇماتلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ: بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنى ئەنئەنىۋى ماشىنا ئۆگىنىشى ئۇسۇللىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ ھەمدە تېخىمۇ ئىلغار سانلىق مەلۇمات تەھلىلى ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.
چوڭ تىپتىكى سانلىق مەلۇمات توپلىمى ئارقىلىق تەربىيىلەش: بۇ ئەۋزەللىك ئۇلارنىڭ كېڭەيتىشچانلىقىنى (سىغىمچانلىقىنى) ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تەجرىبىلەردىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ توغرا بولغان ئالدىن پەرەزلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرىدۇ.

سانلىق مەلۇمات يېتەكچىلىكىدىكى ئۆگىنىش: چوڭقۇر ئۆگىنىش مودېللىرى سانلىق مەلۇمات يېتەكچىلىكىدە ئۆگىنەلەيدۇ. ئۇلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئادەم كۈچىنىڭ ئارىلىشىشىنى ئاز تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۈنۈمدارلىق ۋە كېڭەيتىشچانلىقىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ مودېللار سېنزورلار ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن كېلىدىغان مەلۇماتلارغا ئوخشاش ئۆزلۈكسىز ھاسىل بولۇۋاتقان سانلىق مەلۇماتلاردىن ئۆگىنىدۇ.

## چوڭقۇر ئۆگىنىش مودېللىرىنى ئىشلىتىشتە ساقلىنىش ئېھتىماللىقى بولغان خىرىسلار

چوڭقۇر ئۆگىنىشنىڭمۇ بىر قاتار خىرىسلىرى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

سانلىق مەلۇمات تەلىپى: چوڭقۇر ئۆگىنىش مودېللىرى ئۆگىنىش ئۈچۈن غايەت زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇماتقا ئېھتىياجلىق، بۇ ھال سانلىق مەلۇمات مىقدارى كۆپ بولمىغان مەسىلىلەردە چوڭقۇر ئۆگىنىشنى قوللىنىشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ.

زىيادە ماسلىشىش (Overfitting): چوڭقۇر ئۆگىنىش مودېللىرىدا ئاسانلا زىيادە ماسلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۈكى، مودېللار سانلىق مەلۇماتلاردىكى توپ مۇناسىۋەتلەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭدىكى «شاۋقۇن»لارنى (ئەرزىمەس ياكى خاتا ئۇچۇرلارنى) ئۆگىنىۋالىدۇ. نەتىجىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى سانلىق مەلۇماتلار ئۈستىدە ئىپادىسى تېخىمۇ ناچار بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىر تەرەپلىمىلىك (Bias): بۇ مودېللارنىڭ ئۆزى ئاساسلانغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. بۇ ئادىل بولمىغان ياكى توغرا بولمىغان ئالدىن پەرەزلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. چوڭقۇر ئۆگىنىش مودېللىرىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى ئازايتىش (يېنىكلىتىش) ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://cloud.google.com/discover/what-is-deep-learning


ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر
(2025 -يىلى 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 10 – ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋىرىدە ئۇيغۇرلار

2025 - يىلى، 10 - ئاي

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى:

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ تورگان توربدا «ئۇيغۇر ئاكتىۋىست فرانسىيەدە بېيجىڭنى تەنقىدلىگەنلىكى ئۈچۈن جازاغا ئۇچرىدى»ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ماقالىنىڭ ئىككى ئاپتورىدىن بىرى — ئۇيغۇر زىيالىيسى ۋە ئاكتىۋىست يالقۇن ئۇلۇغيول ھېسابلىنىدۇ.

ماقالىدە فرانسىيەدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچى ۋە جەمئىيەتشۇناس دوكتور دىلنۇر رەيھاننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى نامايىش قىلغانلىقى ئۈچۈن فرانسىيە سوتى تەرىپىدىن جازالانغانلىقى بايان قىلىندۇ. خىتاي ئەلچىخانىسى 2022 - يىلىدىكى بىر نامايىشتا دىلنۇر رەيھاننىڭ ئەلچىخانا تەشۋىقات تاختىسىغا قىزىل بوياق چاچقانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى «مال - مۈلۈككە زىيان يەتكۈزۈش» جىنايىتى بىلەن ئەرز قىلغان. سوت نەتىجىسىدە دىلنۇر رەيھانغا 150 ياۋرو جەرىمانە قويۇلغان.

دىلنۇر رەيھان ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇ دېلونى خىتاينىڭ چەتئەلدىكى پائالىيەتچىلەرنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان «چېگرادىن ھالقىغان بېسىم» تاكتىكىسى دەپ ئەيىبلىگەن. ماقالىدە فرانسىيە دائىرىلىرىنىڭ پائالىيەتچىلەرنى خىتاينىڭ تەھدىتلىرىدىن قوغدىشى ۋە بۇنداق سىياسىي غەرەزدىكى ئەرزلەرنى رەت قىلىشى زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ ساندا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.)

https://www.hrw.org/news/2025/10/09/uyghur-scholar-activist-faces-charges-in-france-for-criticizing-beijing

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى:

قوغدىغۇچى گېزىتى «ئۇلار مېنى جىم تۇرۇشقا ئۈندىدى: خىتايغا تاقابىل تۇرۇپ، يولدىشىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن ئايال» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

مەزكۇر ماقالىدە ئىدرىس ھەسەن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى زەينۇرە ھەسەننىڭ تۆت يىللىق ئېچىنىشلىق ئايرىلىش، زىيانكەشلىك ۋە كۈرەش مۇساپىسىنى بايان قىلىنغان. خىتاينىڭ سىياسىي بېسىمىدىن قېچىپ تۈركىيەگە يەرلەشكەن بۇ ئائىلە، 2021 - يىلى ئىدرىس ھەسەننىڭ ماراكەشتە خىتاينىڭ تەلىپى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىشى بىلەن ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەن. خىتاي تەرەپ ماراكەشكە زور ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىپ، ئىدرىسنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇنغان.

زەينۇرە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى ئارقىلىق يوللىغان «جىم تۇرۇش» ھەققىدىكى تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلماي، خەلقئارادا كۈچلۈك ئاۋاز چىقارغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىشىشى، بولۇپمۇ 2025 - يىلى ئامېرىكا يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ (ماركو رۇبىيو قاتارلىقلارنىڭ) كۈچلۈك بېسىمى بىلەن، ماراكەش ئىدرىسنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. ئىدرىس ئاۋۋال ئامېرىكىغا كەتكەن، ئارقىدىن ئائىلىسى بىلەن 2025 - يىلى سېنتەبىردە كانادادا قايتا جەم بولغان. مەزكۇر ماقالىدە خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان «مىللىي بېسىمى»غا قارىتا بىر ئۇيغۇر ئايالىنىڭ قەتئىي ئىرادىسى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى تەسۋىرلەنگەن.

https://www.theguardian.com/global-development/2025/oct/23/china-uyghur-turkey-morocco-arrest

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى:

«خەلقئارالىق ئاۋازى» تورى «جەمئىيەتشۇناس دىلنۇر رەيھاننىڭ بۇرچى: ئۇيغۇرلارغا ئائىت خىتايچە مۇستەملىكىچىلىك ئىزلىرىنى تۈگىتىش» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.
ماقالىدە ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناس دىلنۇر رەيھاننىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى خىتايچە بايانلارنى «مۇستەملىكىچىلىك تەپەككۇرىدىن خالاس قىلىش» تىرىشچانلىقىغا بېغىشلانغان. دىلنۇر رەيھان پارىژدا

ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاش، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە خەلقئارانىڭ دىققەتنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى پەقەتلا «كىشىلىك ھوقۇق» ياكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر ھوقۇقى» مەسىلىسى دەپ چەكلەپ قويۇش خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىكىنى قانۇنلاشتۇرۇشقا باراۋەر. شۇڭا، زىيھنلەرنى ئازاد قىلىش ئالدى بىلەن خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەسلىدە «مۇستەملىكىچىلىك» مۇناسىۋىتىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشلىنىشى كېرەك.

ماقالىدە يەنە، خىتاينىڭ چېگرادىن ھالقىغان بېسىمى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر دىياسپوراسىدا شەكىللەنگەن «سۈكۈت مەدەنىيىتى» ۋە قورقۇنچقا تاقابىل تۇرۇشتا، يېڭى ئەۋلاد ياشلارنىڭ چوڭ ئۈمىد ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى ھازىر كۆپ تىللىق تاراتقۇ تۈرلىرى ئارقىلىق خىتاي جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ زىيھنىدىكى خىتايچە چۈشەنچىلەرنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلماقتا.

[https://globalvoices.org/2025/10/23/decolonizing-the-chinese-narrative-on-uyghurs-the-mission-of-sociologist-dilnur-reyhan/](https://globalvoices.org/2025/10/23/decolonizing-the-chinese-narrative-on-uyghurs-the-mission-of-sociologist-dilnur-reyhan/)

ئۈ. ئالماس تەييارلىدى



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival